
ئابدۇللا ياقۇپ

# ئاچكۆزلەر



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



شائىر ئابدۇللا ياقۇپ 1947 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى ئاق مەسچىت مەھەللىسىدە تىجارەتچى ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1964 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، يېڭىساردىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ، 1992 - يىلى پېنسىيىگە چىققان.

شائىر ئابدۇللا ياقۇپ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا باشلىغان بولۇپ، «تاغ سۈيى» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1962 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. 1986 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ھايات كۈيلىرى» (ئابدۇرېھىم ئىسمائىل بىلەن بىرلىكتە)، 1987 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ياش

ئابدۇللا ياقۇپ

# ئاچ كۆزلەر

(هەجۋىي شېئىرلار)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

说贪嘴/阿布都拉·牙库甫著. 喀什:喀什维吾尔文出版社,2001.8
ISBN 7－5373－0913－2

Ⅰ.说... Ⅱ.阿... Ⅲ.杂文－作品集－中国－当代－维吾尔语－(中国少数民族语言) Ⅳ.I267.1

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第057604号

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
**各 地 新 华 书 店 经 销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
787×1092**毫米** 1/32**开本**3.25 **印张** 1 **插页**
2001**年**8**月第**1**版** 2001**年**8**月第**1**次印刷**
**印数**:1 ——2570 **定价**:6.50**元**

# مۇندەرىجە

گۆشۈڭنى يەپتۇ ........................................ 1
رەنجىمە ........................................ 1
قاچان تۈگەر ساختىلىق ........................................ 2
كۆزۈم كۆرمىسە ........................................ 3
بىر قىزغا ........................................ 5
ئىچىسەم ........................................ 6
ياشاش مەنتەقەم ........................................ 7
بىر پارچە «رۇبائىي» غا ........................................ 8
دوستۇمغا ........................................ 9
مەندە كېسەل — زۇكام بار ........................................ 9
بىز ئاشۇنداق هاماقەت خەقمۇ ؟ ........................................ 10
مەنچىلىك ........................................ 15
ھەشەمەتكە قىمايلى ھەۋەس ........................................ 16
گەپ تېپىپ ........................................ 18
تاركوچا ........................................ 19
كۈن ئۆتسە ........................................ 20
كۆز بوياپ ........................................ 21
پاكلىق بولمىسا ........................................ 22

ئىسست قىز ........................ 23
ئاچ كۆزلەر ........................ 24
تىرىكتاپقا ........................ 25
ئەمەت زابوي ........................ 26
نېمە تاپتۇق ........................ 28
« لەببەي » دېسەم ........................ 31
ئۆز نەپسىمنىڭ كويىدا يۈرۈپ ........................ 31
ئارمىنىم يوق باشلىقىم ........................ 33
قاچانغۇچە قىلارمىز پاخال ........................ 34
« كاس ـ كاس » دېسەڭ دەۋەرگىن مېنى ........................ 36
پۇلدارمەن ........................ 38
سويما سالدى بىلىكىم ........................ 39
هارام يېگەنلەرگە ........................ 40
ياخشى ئىشمۇ ؟ ........................ 41
مېنىڭ تۇغقانلىرىم ........................ 42
قايتىپ چىق ........................ 44
بىر قەلەمكەشكە ........................ 46
ماڭا قورساق تويسىلا بولدى ........................ 47
ماختانغۇدەك نېمەڭ بار سېنىڭ ........................ 50
ئايلىناي ........................ 52
ئالدىما ........................ 52
« ئاق » چەككەن هاماقەتكە ........................ 54
گەپ ساتما ........................ 56
نەپسىڭنى يىغ ........................ 57
ئۆبدان بولامتىم ........................ 58

| | |
|---|---|
| يازمىشىم ۋە قىلمىشىم ........................ | 59 |
| ئۈچ سائەتلىك باي ........................ | 60 |
| نەيرەڭۋازنىڭ ئىقرارى ........................ | 62 |
| پارا يېگەن ئەرزخور ........................ | 64 |
| ئىزدىنەيلى يەنە باشقىدىن ........................ | 67 |
| پۇلنى دەپ ........................ | 68 |
| تولا ........................ | 68 |
| يازىمەن ........................ | 69 |
| قەلەمگە خىتاب ........................ | 70 |
| ئەمەل تۇتساڭ ........................ | 71 |
| شېئىر ئوغرىسىغا ........................ | 72 |
| نەپسىمنى دەپ ........................ | 73 |
| سۆكىمەن ........................ | 75 |
| سەنمىدىڭ ........................ | 76 |
| كاچاتلىساڭ شىللەمگە مېنىڭ ........................ | 77 |
| نادانلار ........................ | 80 |
| ئەمدى مۇڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا ........................ | 81 |
| سەن ۋە مەن ........................ | 85 |
| ماختايسەن ........................ | 86 |
| يۈرمىدىم ........................ | 87 |
| ماشىنام ........................ | 88 |
| رۇبائىيلار ۋە پارچىلار ........................ | 92 |

# گۆشۈڭنى يەپتۇ

ئېيتقىنا نېمانچە كەتكەنسەن جۇدەپ ،
يۈزلىرىڭ ياغاچتەك ، چىرايىڭ سېرىق .
شۇ نۇرسىز كۆزۈڭنىڭ چاناقلىرىغا
سىغاركەن قۇيۇلسا بىر تاغار تېرىق .

خالايىق كۆرۈمسىز ئەپتىڭگە قاراپ ،
قېچىشىپ ھەريانغا « جىنمىكىن » دەپتۇ .
چۈشەنسەم بۇرادەر بۇنىڭ تەكتىنى ،
ئىچىڭنىڭ تارلىقى گۆشۈڭنى يەپتۇ .

1985 ـ يىل 2 ـ ئاي

# رەنجىمە

رەنجىپسەن ئەي دوستۇم بىراۋدىن شۇنچە ،
« ئۇ مېنى زادىلا كۆرەلمەيدۇ » دەپ .
« بولسىمۇ مېنىڭدە ئىقتىدار ، جۈرئەت ،
ئىزىمنى كولىماي يۈرەلمەيدۇ » دەپ .

رەنجىمە ئۇنچىلا ، بۇ جاھان شۇنداق ،
كىم قۇرۇق تېرەككە ئاتقان چالمىنى .
شۇبھىسىز بەزىلەر تاش ئاتار ساڭا ،
شېخىڭدا كۆرگەچكە پىشقان ئالمىنى .

1985 ـ يىل 4 ـ ئاي

## قاچان تۇگەر ساختىلىق

« لاچىن » دېدىك ئۆزۈڭنى ،
ئايان بولدى سارلىقىڭ .
« تىللا » دېدىك ئۆزۈڭنى ،
بىلىندىغۇ جالىقىڭ .

ئۆپكە ساتساڭ « گۆش » دېدىك ،
شاكال بولسا « مېغىز » دەپ .
راستنى يالغان ، جىڭنى جا ،
زەھەر بولسا « قىمىز » دەپ .

ھېلى كىيسەڭ يېلىڭنى ،
ھېلى كىيدىڭ پاختىلىق .
قاچان تۇگەر سەندىكى
ئالدامچىلىق ـ ساختىلىق .

1987 ـ يىل 2 ـ ئاي

# كۆزۈم كۆرمسه

رەزىللىككە پاتقانلارنى كۆزۈم كۆرمسە ،
يۈندى بولۇپ ئاققانلارنى كۆزۈم كۆرمسە ،
قىلمىشىدىن ئەيلەپ نۇرغۇن دىللارنى بىزار ،
سېسىق بۇسنى چاچقانلارنى كۆزۈم كۆرمسە .

سىگنال بەرسە قۇلاق سالماي تولغاپ بويۇننى ،
ھىيلە ـ مىكىر سەھنىسىدە ئويناپ ئويۇننى ،
« مۇناسىۋەت » دەپ يالىشىپ ئېغىز ـ بۇرۇننى ،
ئەلگە زىيان سالغانلارنى كۆزۈم كۆرمسە .

مېھمان قىلىپ كاتتىلارنى ئۆيىگە باشلاپ ،
نېمە دېسە « خوش غوجام » دەپ بېشىنى قاشلاپ ،
بەرسە غاجاپ ، ئاشقان قۇرۇق سۆڭەكنى تاشلاپ ،
ۋىجدانىنى ساتقانلارنى كۆزۈم كۆرمسە .

ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇسا ئۇقماي ،
« كۆزۈڭنى ئاچ ! » دەپ ۋارقىراپ توۋلىسا ئۇقماي ،
ئىلىم ـ ھېكمەت ، پەن ـ بىلىمدىن ھېچنېمە يۇقماي ،
نادانلىقتا ياتقانلارنى كۆزۈم كۆرمسە .

مەيخانىدا راست ئۆلگۈدەك ھاراقنى ئىچىپ ،
كوچا ـ كويدا تەتۈر دەسسەپ سەككىزنى يېزىپ ،

كىمنى كۆرسە غوۋغا قىلىپ شالىنى چىچىپ،
دوستىغا مۇشت ئاتقانلارنى كۆزۈم كۆرمىسە.

گۇرۇھ بولۇپ يۈز - كۆزىنى نىقابقا ئوراپ،
مۆكۈپ تۇرۇپ تۈن يېرىمدا يوللارنى توساپ،
ئۇچرىغاننى ئۇرۇپ - چەيلەپ، پۇل - مالنى بۇلاپ،
ھەر تەرەپكە قاچقانلارنى كۆزۈم كۆرمىسە.

ئاق تاماكا چېكىپ جىسمى قاقشالدەك ياداپ،
پۇت - قولىدا دەرمانى يوق، تارتىپ دەرد - ئازاب،
بولۇپ ۋەيران، ئۆز - ئۆزىنى قىلىپ بەك خاراب،
توغرا يولدىن ئازغانلارنى كۆزۈم كۆرمىسە.

پەسكەشلىككە بولۇپ ھامىي ئاقنى دەپ قارا،
ساختىپەزلىك تىغى بىلەن دىلنى قىپ يارا،
ۋاپا قىلسا كىمكى ئاڭا ياندۇرۇپ جاپا،
خەقكە ئورا قازغانلارنى كۆزۈم كۆرمىسە.

ئەزەلدىنلا پاك، غۇرۇرلۇق ئىدى نەسلىمىز،
پەزىلەتتىن شولا چاچقان گۈزەل ۋەسلىمىز،
كىم چىدايدۇ نابۇت بولسا ئەۋلاد - نەسلىمىز،
بۇندىن ساۋاق ئالمىغاننى كۆزۈم كۆرمىسە.

1996 - يىل 6 - ئاي

# بىر قىزغا

زەئىپلىشىپ جۇرئەتنى ساتما ،
تۆكۈپ ئابرۇي - ئىززەتنى ساتما ،
ياشلىقىڭنى — نىمەتنى ساتما ،
پەزىلەتنى ، خىسلەتنى ساتما .

ئىدىڭ گويا باھار پەسلى سەن ،
ئىدىڭ پاكىز ، سەبىي ئەسلى سەن ،
ئىيتىپ باققىن كىمنىڭ نەسلى سەن ،
ئەجداد بەرگەن ھىممەتنى ساتما .

مۇلايىمتى ئەجەب سۆزلىرىڭ ،
مىسلى چولپان ئىدى كۆزلىرىڭ ،
تولۇن ئايدەك ئىدى يۈزلىرىڭ ،
ھۆسنىڭدىكى زىننەتنى ساتما .

بوپسەن مۇردا خىرۇئىن چېكىپ ،
دەلدەڭشىپسەن ھاراقنى ئىچىپ ،
نىمە تاپتىڭ يولۇڭدىن ئىزىپ ،
ئادىمىلىك قىممەتنى ساتما .

داغ تەگكۈزۈپ شەرم ـ ھاياغا ،
ئۇچراپ كۈرمىڭ كۈلپەت ـ بالاغا ،
ھەم ئايلىنىپ ئۆتمەس ماتاغا ،
ۋىجدان ، نومۇس ـ ئىپپەتنى ساتما .

چىق پاتقاقتىن تارتاي قولۇڭنى ،
يەنە خازان قىلما گۈلۈڭنى ،
تاپقىن ئەي قىز توغرا يولۇڭنى ،
نەسىھەتنى ، رىغبەتنى ساتما .

1996 ـ يىل 7 ـ ئاي

# ئىچسەم

تۆكۈلدى يەرگە ئابرۇيۇم  ھاراقنى ئۆلگۈدەك ئىچسەم ،
يېتىپ گوداڭدا ھالىمنى خالايىق كۆرگۈدەك ئىچسەم .
ھىجايدىم ئايلىنىپ پەسكە ، ئۇياتسىز بىر قىلىق مەستكە ،
يېنىمغا ئولىشىپ بارچە مازاقلاپ كۈلگۈدەك ئىچسەم .
ئەجەبمۇ قىينىلىپ بۇ جان ، پۇتۇمدا قالمىدى دەرمان ،
يېزىپ سەككىزنى دەلدەڭشىپ ، لاغايلاپ يۈرگۈدەك ئىچسەم .
تېرىپ نەچچە جېدەل ـ غوۋغا ، بويالدى تومشۇقۇم قانغا ،
قاۋاقتا مۇشتلىشىپ سەكرەپ بەئەينى بۈرگىدەك ، ئىچسەم .
يۈزۈمگە يامشىپ پوتلا ، مەرەزگە ئوخشىدىم چورتلا ،
قۇسۇپ يوتقانغا ـ ياستۇققا ، ئىچىمنى سۈرگۈدەك ئىچسەم .

بولۇپ بەزەن سېخىي نوچى، ئاتالدىم گاھىدا پوچى،
قاتارغا ئالمىدى ھېچكىم، مۇغەمبەر تۈلكىدەك ئىچسەم.
خۇدۇمنى بىلمىسەم شۇئان، بولۇپتۇ قىلمىشىم ھايۋان،
ئىستولبا ئۇچرىسا يولدا قۇچاقلاپ سۆيگۈدەك ئىچسەم.
ئېلىپ ئىبرەت قاچاي مەيدىن، بولاي ياخشى يىگىت - ئەردىن،
قىلاركەن مەي مېنى نابۇت، ئوتىدا كۆيگۈدەك ئىچسەم.

1996 - يىل 8 - ئاي

## ياشاش مەنتەقەم

كىرسەم سېرىق قاتارىغا سېرىق بولدۇم،
كىرسەم ئېنىق قاتارىغا ئېنىق بولدۇم.
ياشاپ كەلدىم گاھى چاغدا قايناپ - تېشىپ،
كىرسەم قىزىق قاتارىغا قىزىق بولدۇم.
راھەت ئىكەن ئۈزۈپ سۇدا پىلتىڭلىسام،
كىرسەم بېلىق قاتارىغا بېلىق بولدۇم.
ئۈندۈم كۆكلەپ بەزەن تاقىر ئېتىزدىمۇ،
كىرسەم تېرىق قاتارىغا تېرىق بولدۇم.
نېمە ئامال، باقتىم جاھان رەپتارىغا،
كىرسەم سېسىق قاتارىغا سېسىق بولدۇم.

1996 - يىل 9 - ئاي

# بىر پارچە « رۇبائىي »غا

« رۇبائىي » دەپ كىيىۋاپسەن پوسمىنى ،
قاشلىرىڭغا ھەم قويۇپسەن ئوسمىنى .
ئوقۇپ كۆرسەم ئىككەنسەن بەك تېتىقسىز ،
قىلالمىدىڭ ھېچقانچىلىك خۇش مېنى .

بىر مىسرايىڭ دەپتۇ : « ئۇنى تاشلىغىن »،
بىر مىسرايىڭ دەپتۇ : « بۇنى باشلىغىن » .
بىر مىسرايىڭ دەپتۇ : « ئۇنداق ـ مۇنداق قىل » ،
بىرى دەپتۇ : « نە قىچىشسا قاشلىغىن » .

ئايلىنىپسەن تىزما گەپكە ـ لاپقىلا ،
ئۇنى چىقماس پوكۇلدىغان داپقىلا .
ئوخشاپتىغۇ مىسرالىرىڭ كونىراپ ،
ۋەز ـ نەسىھەت قاچىلانغان قاپقىلا .

كىم ياقتۇرار سۇسىز قۇرۇق بۇلاقنى ؟
كىم پۇرايدۇ گۈل چاچمىسا پۇراقنى ؟
بىزار قىلما خەقنى ، غىڭشىپ پاشىدەك ،
ئەي « رۇبائىي » ئاغرىتمىغىن قۇلاقنى .

1996 ـ يىل 10 ـ ئاي

## دوستۇمغا

ئىچىشكەنتۇق بىللە قەسەم ـ ئان ، دوستۇم ،
دېيىشكەنتۇق : « ئايرىلمايمىز » جان دوستۇم .
بىلمەپتىمەن قاسساپمىدىڭ ئەسلىدە ،
شىلىۋالدىڭ مەندىن يانپاش ـ سان ، دوستۇم .

قاچتىڭ يىراق خۇددى ئاچ كۆز توخۇدەك ،
تۇگىگەندە ئالىقىنىمدا دان دوستۇم .
نىقابىڭكەن ئالدامچىلىق ـ ساختىلىق ،
ئەمدى بىلدىم ، سەن ئىكەنسەن نان دوستۇم .

1996 ـ يىل 11 ـ ئاي

## مەندە كېسەل ــ زۇكام بار

يۇقىرىدا ئاكام بار ، تۆۋەندە ھەم ئۇكام بار ،
« مۇناسىۋەت » تورىنى توقۇيدىغان موكام بار .
كۈندە قاتراپ ئۇخلىماي ، ياتالمايمەن يوقلىماي ،
ئاكام ئۈچۈن كۆتۈرسەم قولدا تەخسە ـ چوكام بار .
ئەكەل دېسەم بۆكىنى كېسىپ كەلگەن بېشىنى ،
مىنسەم قوتۇر ئېشەكتەك بوينى يۇمشاق دوكام بار .

يۈرىكىمMۇ چوڭ مېنىڭ، شۇڭا ئىشىم ئوڭ مېنىڭ،
خوشۇم يوققا ئالايسام قاپىقىمدا غورام بار.
«مۇناسىۋەت — قالقىنىم، يېتەر ھەريان ئالقىنىم،
چىقسام ئېگىز ئۆگزىگە تەييار تۆمۈر شوتام بار.
سۆزلىگەندە توغرىمەن، كۆزلىگەندە ئوغرىمەن،
مال توپلىدىم ھارامدىن، تامدا ئىزىم - شورام بار.
تويماس كۆزۈم چانىقىم، تاشمۇ بولار تامىقىم،
ماگالمايمەن پۇشۇلداپ سېمىز قۇيرۇق - يوتام بار.
ئۆز قىنىمغا پاتمايمەن، ئەلگە تۆھپە قاتمايمەن،
رەزىللىكتىن يانمايمەن، گەدىنىمدە توقام بار.
قازان چاقتىم ئاشنى يەپ، ئۆلەرمەنمۇ باشنى يەپ،
دېمەك، مەندە ساقايماس ئېغىر كېسەل — زۇكام بار.
1996 - يىل 12 - ئاي

# بىز ئاشۇنداق ھاماقەت خەقمۇ ؟

كۆيدۈرمەيمىز زىللەتنى نېچۈن ؟
تۈزەتمەيمىز ئىللەتنى نېچۈن ؟
يوقاتمايمىز تازىلاپ پاكىز،
چاڭ - توزاننى، ئەخلەتنى نېچۈن ؟
چۆرۈۋەتتۇق بىلمەستىن گۆھەر،

ياخشى ئەخلاق ـ خىسلەتنى نېچۈن ؟
بىز ئاشۇنداق ھاماقەت خەقمۇ ؟
بىز يارامسىز ، ئەقىلسىز ـ دۆتمۇ ؟

كەچمىشلەردىن ئالمىدۇق ساۋاق ،
باراڭ قىلساق چۈشمىدى قاپاق .
« شۈكۈر » دېدۇق قىلىپ قانائەت ،
كۈندە ئۈچ ۋاخ تويسىلا قورساق .
ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلىدۇق راسا ،
كۆزىمىزنى باسسىمۇ چاپاق .
بىز ئاشۇنداق ھاماقەت خەقمۇ ؟
بىز يارامسىز ، ئەقىلسىز ـ دۆتمۇ ؟

بىر نان تاپساق چالىمىز داپنى ،
تۆھپىمىزدىن ئاچىمىز بابنى ،
ئېغىزدىلا ئالىمىز شەھەر ،
كۆرەڭلەيمىز ، ئاتىمىز لاپنى .
ئۆزىمىزنى قىلىمىز كۆز ـ كۆز ،
يۇدۇپ يۇرۇپ شۇ قۇرۇق قاپنى .
بىز ئاشۇنداق ھاماقەت خەقمۇ ؟
بىز يارامسىز ، ئەقىلسىز ـ دۆتمۇ ؟

يۆگسەكمۇ ئىللەتكە چاپان،
ئىچىمىزدە قۇترايدۇ چايان.
پەرۋايىمىز يوقتۇر زەررىچە،
ئارىمىزغا ئۈنسىمۇ ئازغان.
ناننى بەرسە قولنى چىشلەيمىز.
ئاشنى يەپلا چاقىمىز قازان.
بىز ئاشۇنداق ھاماقەت خەقمۇ؟
بىز يارامسىز، ئەقىلسىز - دۆتمۇ؟

پىتنە - پاسات توقۇيمىز قاۋاپ،
ھە دەپ قۇرۇق سۆكەكنى غاجاپ.
ياخشىلارغا قۇرىمىز تۇزاق،
ئىزىدىن توپا ئالىمىز ماراپ.
نىمە تاپتۇق ھەسەتخورلۇقتىن،
ئۆزىمىزنى قىلدۇققۇ خاراب.
بىز ئاشۇنداق ھاماقەت خەقمۇ؟
بىز يارامسىز، ئەقىلسىز - دۆتمۇ؟

ئاپتاپ چىقسا مۆكتۇق سايىغا،
ئەزمىلىكنىڭ چۈشتۇق دامىغا.
ھالال مېھنەت - تەرىمىز بىلەن
ئوت ياقمىدۇق ھايات شامىغا.

بولۇپ دائىم تەييارغا ھەييار ،
يەتكۈزمىدۇق ئىشنى ۋايىغا .
بىز ئاشۇنداق ھاماقەت خەقمۇ ؟
بىز يارامسىز ، ئەقىلسىز ـ دۆتمۇ ؟

شاخ ئېگىلسە قويمىدۇق تىرەك ،
يىقىلغانغا بولمىدۇق يۆلەك .
تۆكسە نامرات كۆزنىڭ يېشىنى ،
كۈلكىمىزنى قىلىشتۇق كۆرەك .
ئىزدىمەيمىز ساۋاب ـ ياخشىلىق ،
بىزدە تاشتىن پۈتكەنمۇ يۈرەك ؟
بىز ئاشۇندۇق ھاماقەت خەقمۇ ؟
بىز يارامسىز ، ئەقىلسىز ـ دۆتمۇ ؟

غوۋغا قىلىپ چىقىرىپ قۇيۇن ،
كوچىلاردا قويىمىز ئويۇن .
« ئاق »نى چېكىپ ، مەي ـ شاراب ئىچىپ ،
ئازگاللاردىن ئالىمىز ئورۇن .
ياقا يىرتىپ ئاتىمىز پەشۋا ،
يېرىلسىمۇ قاش ، قاپاق ، بۇرۇن .
بىز ئاشۇنداق ھاماقەت خەقمۇ ؟
بىز يارامسىز ، ئەقىلسىز ـ دۆتمۇ ؟

بۇرچىمىزنى قىلالماي ئادا ،
باستى بىزنى جاراھەت ـ يارا .
يەم بولمامدۇ بۆرىگە ئاخىر ،
سەركىسى يوق چېچىلغان پادا .
نېمە دەيمىز ئەۋلاد ئالدىدا ،
يۈزىمىزنى قىلامدۇق قارا .
بىز ئاشۇنداق ھاماقەت خەقمۇ ؟
بىز يارامسىز ، ئەقىلسىز ـ دۆتمۇ ؟

ئىزدەنمەيمىز ئويلاپ نېمشقا ؟
ياخشى يولنى بويلاپ نېمشقا ؟
زەئىپلىشىپ بولىمىز چۈشكۈن ،
ئوغلارنى ئوتلاپ نېمشقا ؟
ياۋا شاخنى ، ئەگرى پۇتاقنى ،
تۈگەتمەيمىز چوتلاپ نېمشقا ؟
بىز ئاشۇنداق ھاماقەت خەقمۇ ؟
بىز يارامسىز ، ئەقىلسىز ـ دۆتمۇ ؟

سالدىم پەقەت ئىللەتكە تاياق ،
دېگىنىم يوق ئالتۇننى ماياق .
ھەقنى دېدىم ، راست گەپنى دېدىم ،

تۇقۇمىدىم تۆھمەتنى بىراق .
بولماس ئىكەن يورۇقلۇق مەۋجۇت ،
قاراڭغۇغا ياقمىساق چىراغ .
بىز ئاشۇنداق ھاماقەت خەقمۇ ؟
بىز يارامسىز ، ئەقىلسىز - دۆتمۇ ؟

## مەنچىلىك

(مەنمەنچىنىڭ تىلىدىن )

بايۋەچچىمەن ھېچكىمنىڭ پۇلى يوقتۇر مەنچىلىك ،
ھەممە يەرگە يەتكۇدەك قولى يوقتۇر مەنچىلىك .
چىقىپ سۆلەت تەختىگە بولدۇم گويا خاقاندەك ،
كىيدىم ئابرۇي تاجىنى ، گۇلى يوقتۇر مەنچىلىك .
ئۆستۇم ئېگىز كۇنسېرى بېشىم كۆككە يەتكەندەك ،
خۇددى بۇتتەك غادايسام بويى يوقتۇر مەنچىلىك .
شىلىپ راسا ئاۋامنى ، پەرق ئەتمىدىم ھارامنى ،
قورساق سېلىپ سەمرىدىم ، غولى يوقتۇر مەنچىلىك .
ھەيۋەم خېلى چوڭ مېنىڭ تاغنى تالقان قىلغۇدەك ،
چامىم يېتەر ھەممىگە ، يولى يوقتۇر مەنچىلىك .
قالسا خەقلەر ئارقىدا ، چاپسام دەيمەن ئالدىدا ،

پىرقىراتسام چاقىمنى خوتى يوقتۇر مەنچىلىك .
يېتەر ئىدىم ئارمانغا ، گۈل تېرىسام ئاسمانغا ،
بارمۇ مەندەك دانىشمەن ، ئۆيى يوقتۇر مەنچىلىك .
قىرىق يېرىپ قىلىنمۇ ، يىقىتىمەن پىلىنمۇ ،
سوقسا خەقنىڭ ئىچىدە چوتى يوقتۇر مەنچىلىك .
ياشايدىكەن كىم قېنى مەندەك خەجلەپ ، يەپ ـ ئىچىپ ،
ھەشەمەتكە ھەۋىسى ـ ئۆتى يوقتۇر مەنچىلىك .
خېمىر قىلماي نان يەيمەن ، خامان قىلماي دان يەيمەن ،
پاقلان باقماي سان يەيمەن ، قويى يوقتۇر مەنچىلىك
جاھان ماڭا تار كېلىپ ، مەنمەنچىلىك خار قىلىپ ،
پاتسام چوڭقۇر پاتقاققا پۇتى يوقتۇر مەنچىلىك .

1997 ـ يىل 1 ـ ئاي

## ھەشەمەتكە قىلمايلى ھەۋەس

مەنمەنچىلىك بولۇپ قاباھەت ،
دىلىمىزنى قىلسا جاراھەت ،
بولۇپ يەنە ئەخمەق ـ ھاماقەت ،
ھەشەمەتكە قىلمايلى ھەۋەس .

ئەلا بىلىپ سامانىنى چەشتىن ،
ئېگىز دۆڭگە يامىشىپ پەستىن ،

ئۆتكەن كۈننى چىقىرىپ ئەستىن،
ھەشەمەتكە قىلمايلى ھەۋەس.

پۇتقا يوتقان كەلسىمۇ قىسقا،
ھەر بالانى ئالىمىز باشقا،
تەگسە ئازراق ئاغزىمىز ئاشقا،
ھەشەمەتكە قىلمايلى ھەۋەس.

توي - تۆكۈندە ئاچىمىز قولنى،
كەلسە - كەلمەس چاچىمىز پۇلنى،
مالىمان قىلىپ كوچىنى - يولنى،
ھەشەمەتكە قىلمايلى ھەۋەس.

تاپان يالاپ قىلىپ خۇشامەت،
داستىخان سېلىپ بېرىپ زىياپەت،
تېپىش ئۈچۈن ساختا ئىناۋەت،
ھەشەمەتكە قىلمايلى ھەۋەس.

چەكسە ئاجىز - يېتىملار ئازاب،
ئاڭا ھەرگىز قويمايمىز قاراپ.
ئىزدىمەيمىز ياخشىلىق - ساۋاب،
ھەشەمەتكە قىلمايلى ھەۋەس.

داغۋازلىقتىن كىيىپ پەرىجە ،
پۇل ـ بايلىقنى قىلىپ دەرىجە ،
تاپتۇق قانداق ئۇتتۇق ـ نەتىجە ،
ھەشەمەتكە قىلمايلى ھەۋەس .

ئىغىر يۇكتۇر زىللەت بىز ئۇچۇن ،
ھالاكەتتۇر ئىللەت بىز ئۇچۇن .
گۆھەر — ياخشى خىسلەت بىز ئۇچۇن ،
ھەشەمەتكە قىلمايلى ھەۋەس .

## گەپ تېپىپ

سۆيمىگەننى سۆيدۇرسەن گەپ تېپىپ ،
كۆيمىگەننى كۆيدۇرسەن گەپ تېپىپ ،
دوستنى بىزار ، دۇشمەننى خۇش قىلسەن ،
كۈلمىگەننى كۈلدۇرسەن گەپ تېپىپ .

بىرنى دەيسەن : « ۋەھشىي زالىم بولارمىش » ،
بىرنى دەيسەن : « تېخى ئالىم بولارمىش » .
بىرنى دەيسەن : « كاتتا ھاكىم بولارمىش » ،
ئۆسمىگەننى ئۆستۇرسەن گەپ تېپىپ .

بىرنى دەيسەن : « بەك كۆرۈمسىز ، بېشى تاز » ،
بىرنى دەيسەن : « بەكمۇ ئەخمەق ، چۇلە ـ ماز » ،
بىرنى دەيسەن : « پاشايدىغان كۈنى ئاز » ،
ئۆلمىگەننى ئۆلتۈرسەن گەپ تېپىپ .

ئادەم ئەمەس ، چۇشتۇك ھايۋان ئورنىغا ،
ئوغا ـ زەھەر چاچقان چايان ئورنىغا ،
غاجاق غاجاپ پىتنە ـ پاسات قوينىغا
چۆكمىگەننى چۆكتۈرسەن گەپ تېپىپ .

1997 ـ يىل 2 ـ ئاي

# تار كوچا

ھەر كۈنى ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئۆتسەم سېنىڭدىن تار كوچا ،
شۇركۈنۈپ پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم بولدى كۆڭلۈم زار ، كوچا .
دۆۋىلىشىپ ئەخلەت ـ تېزەك كەتكەن سېسىق بۇسلار پۇراپ ،
سەتلىشىپ بوپسەن ئاجايىپ خانىۋەيران ـ خار ، كوچا .
ماڭغىلى بولماس پەقەت ئاقسا يولۇڭدا يۇندىلار ،
بولىسەن پاتقاق لۆمۈلدەپ ياغسا ئازراق قار ، كوچا .
ئولتۇرۇپ ئىشىك ئالدىدا غاجاق غاجايدۇ بەزىلەر ،
بولمىغاچ ئۇلاردا خىسلەت ، زەررە ۋىجدان ، ئار ، كوچا .

ئۆزئارا تىللاش ، ھاقارەتلەش بېسقماس كەينىدىن ،
دەيدۇ خەقلەر : «كونىدە جاڭجال ، كونىدە غوۋغا» بار ، كوچا .
بولمىسا خالىي ئاشۇنداق مەنىۋى ئەخلەتلىدىن ،
ئاچقۇسى قانداق چىرايلىق يېپيېڭى دىدار ، كوچا .
چۆمۈلۈپ زوققا ، ھاياجانغا سۆيۈنمەس قايسى دىل ،
بولسا ئۇ تىنچلىق ـ ئىناقلىق دىلبىرىگە يار ، كوچا .

1997 ـ يىل 3 ـ ئاي

# كونا ئۆتسە

باشقا قويۇپ تەكىينى ياتسام مەيلى كونا ئۆتسە ،
ئەزمىلىكنىڭ لېيىغا پاتسام مەيلى كونا ئۆتسە .
شۇكۇر دەيمەن خورىماي ياشىغانغا مىڭ قېتىم ،
ئېرىقتىكى لاي سۇدەك ئاقسام مەيلى كونا ئۆتسە .
رايىم يوقتۇر ئىشلەشكە ، كۆڭلۈم خۇشتار چىشلەشكە ،
شۇڭا تەييار ياڭاقنى چاقسام مەيلى كونا ئۆتسە .
ئىچسەم ھەردەم شارابنى ، يېسەم گۆشنى ، كاۋاپنى ،
ئىشرەت قىلىپ راۋابنى چالسام مەيلى كونا ئۆتسە .
قاقشال بولۇپ مېۋىسىز قالدى ئۆمرۈم دەرىخى ،
قۇرۇق شاخنى ھەر كونى قاقسام مەيلى كونا ئۆتسە .
ئەل كۆڭلىگە ياقمىسام ، زەررە تۆھپە قاتمىسام ،

ئاشنى يەپلا قازاننى چاقسام مەيلى كۆن ئۆتسە .
چەكمەي جاپا ـ رىيازەت ، كۆرۈپ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ،
رەپتارىغا جاھاننىڭ باقسام مەيلى كۆن ئۆتسە !
1997 ـ يىل 4 ـ ئاي

# كۆز بوياپ

باشلىقىمنىڭ كۆڭلىگە يېقىۋالدىم كۆز بوياپ ،
تۆر بېشىغا پەگاھتىن چىقىۋالدىم كۆز بوياپ .
بىلىندۇرمەي سىرىمنى ، دىلدا ئەخلەت ـ كىرىمنى ،
يۈز ـ كۆزۈمگە گىرىمنى ئېتىۋالدىم كۆز بوياپ .
تۇتۇپ ئۇستاز تۈلكىنى ، نىقاب قىلىپ كۈلكىنى ،
گۆش كۆرسىتىپ ئۆپكىنى سېتىۋالدىم كۆز بوياپ .
يۈندى بولۇپ ئاققانىتىم ، بەتبۇي پۇراق چاچقانىتىم ،
ئەمدى سۈزۈك بۇلاقتەك ئېقىۋالدىم كۆز بوياپ .
يەڭ ئىچىدە شەمشىرىم ، ھېچ كۆرۈنمەس نەشتىرىم ،
پەيتى كەلسە ياخشىنى چېقىۋالدىم كۆز بوياپ .
زىيان سېلىپ ئاۋامغا ، ئايلىنىپ چوڭ قارامغا ،
نەپسىم تويماي ھارامغا ، بېيىۋالدىم كۆز بوياپ .
ئوغرى ئىدىم ئەل ئۇققان ، بۆرە بىلەن بىر تۇغقان ،
پاقلان بولۇپ قوتانغا كىرىۋالدىم كۆز بوياپ .

گەر ئاڭلىسام شەپىنى ، تېپىپ ئىشىنىڭ ئىپىنى ،
قۇيرۇقۇمنى ئىچىمگە تىقىۋالدىم كۆز بوياپ !
1997 ـ يىل 5 ـ ئاي

## پاكلىق بولمىسا

ئىشىمىز تاپماي روناق ، ئاقسايدۇ پاكلىق بولمىسا ،
ئەل ـ ئاۋام بىزار بولۇپ قاقشايدۇ پاكلىق بولمىسا .
تارقىتىپ بەتبۇي پۇراق پەسلىك ، رەزىللىك كۇنسېرى ،
ھەممە ياققا يۇندىدەك يامرايدۇ پاكلىق بولمىسا .
كەلدى پۇرسەت بىز ئۈچۈن دەپ تەخسكەش ـ گۇپپاڭچىلار ،
زەللە ـ سوۋغات كۆتۈرۈپ قاتنايدۇ پاكلىق بولمىسا .
ئۆزئارا ئالقىشلىشىپ « مۇناسىۋەت »تىن تور تۇقۇپ ،
بىر ـ بىرىنى ئوغرىلار ماختايدۇ پاكلىق بولمىسا .
يالماۋۇز ـ چىلبۆرىلەر قۇتراپ ھامان نەپسى ئۈچۈن ،
ھەتتاكى ئوت ـ ئاتەشنىمۇ يالمايدۇ پاكلىق بولمىسا .
ئەل بېشىدا ئايلىنىپ نەپسانىيەتنىڭ قۇزغۇنى ،
پاك دىيانەتتىن ئەسەر قالمايدۇ پاكلىق بولمىسا .
1997 ـ يىل 6 ـ ئاي

# ئىسسىق قىز

قېنى نومۇس سەندىكى، قېنى ۋىجدان، ئىسسىق قىز،
ئازدۇردىمۇ يولۇڭدىن پەيلى شەيتان، ئىسسىق قىز.
ئۇنتۇپ ئەجداد ـ ئەسلىڭنى، قىلساڭ ۋەيران ۋەسلىڭنى،
سۇكۇت قىلىپ تۇرامدۇق چەكمەي پىغان، ئىسسىق قىز.
سۈيى سۈزۈك دەرياتىك، گۈزەللىكتە رەناتىك،
كەتتىڭ ئەجەب بۇلغىنىپ، بولدۇڭ خازان، ئىسسىق قىز.
چۆرۈپ ياخشى خىسلەتنى، يۇقتۇرۇپ كىر ـ ئىللەتنى،
يۇدۇپ يۈرۈپ زىللەتنى، قىلدىڭ يامان، ئىسسىق قىز.
خارلاپ قەدىر ـ قىممەتنى، ساتتىڭ نومۇس ـ ئىپپەتنى،
پەرق قىلسۇن قانداقمۇ سەندىن ھايۋان، ئىسسىق قىز.
«ئاق»نى چەكتىڭ توختىماي، سىلىپ پەرياد ئۇخلىماي،
بولدى ئەشۇ چىرايىڭ خۇددى سامان، ئىسسىق قىز.
قول ئۈزمىدىڭ ھاراقتىن، چىقالمىدىڭ قاۋاقتىن،
قۇتۇلالماي تۇزاقتىن، تۆكتۈڭ ياش ـ قان، ئىسسىق قىز.
پۇرسەت گاھى كەلسە ئەپ، جاننى تىكتىڭ پۇلنى دەپ،
ئوغرىلىدىڭ يانچۇقتىن تالاي ھەميان، ئىسسىق قىز.
كېلىپ كۆلپەت بېشىڭغا، توپا چۈشتى ئېشىڭغا،
زەھەرلىدى جىسمىڭنى چېقىپ چايان، ئىسسىق قىز.
سۇنۇپ شۇنداق قاناتىڭ، بولسا نابۇت ھاياتىڭ،

پەرۋا قىلماي يۈرەمسەن ، بولۇپ نادان ، ئىسست قىز .
داغ چۈشۈرسەڭ نامىڭغا ، ئېچىنىمامسەن ھالىڭغا ،
بولساڭ دەيمەن قايتىدىن ياخشى ئىنسان ، ئىسست قىز .
1997 - يىل 7 - ئاي

# ئاچ كۆزلەر

ئار - نومۇسنى ، ۋىجداننى ساتار ئىكەن ئاچ كۆزلەر ،
رەزىللىككە ، پەسلىككە پاتار ئىكەن ئاچ كۆزلەر .
گەپ يۇقتۇرماي ئۆزىگە ، بېرىپ بوياق يۈزىگە ،
ئىقابلىنىپ ئەپتىنى ياپار ئىكەن ئاچ كۆزلەر .
مەنلا يېسەم - تويسام دەپ ، خەقنى ئوڭدا قويسام دەپ ،
باشقىلارنىڭ چىشىنى چاقار ئىكەن ئاچ كۆزلەر .
سەن ئۆزۈڭگە بەرسەڭ پىل ، بەرمەس ساڭا بىر تال قىل ،
ھە دەپ خەقتىن يەپ - تاراپ ئالار ئىكەن ئاچ كۆزلەر .
تېرىقچىلىك نەپ ئۈچۈن قىلىپ خەققە خۇشامەت ،
نومۇس قىلماي تاپاننى يالار ئىكەن ئاچ كۆزلەر .
بۇلغاپ سۈزۈك بۇلاقنى ، چېچىپ سېسىق پۇراقنى ،
ئارىمىزدا يۇندىدەك ئاقار ئىكەن ئاچ كۆزلەر .
كۆزى تويماي ئۆلسىمۇ ، گۇمران بولۇپ كۆيسىمۇ ،
ئۆز - ئۆزىگە ئاتەشنى ياقار ئىكەن ئاچ كۆزلەر .
1997 - يىل 8 - ئاي

# تىرىكتاپقا

ئەمدى دەس تۇر ئورنۇڭدىن ، يىتىۋەرمە تىرىكتاپ ،
تۆكمەي ساپ تەر مەنىسىز كىتىۋەرمە تىرىكتاپ .
ئادەممۇسەن ، بۇتمۇسەن ، يا يارامسىز - دۆتمۇسەن ،
بوينۇڭغىچە پاتقاقتا پىتىۋەرمە تىرىكتاپ .
خەق ئىشلىسە باي بولسا ، هۆسنى نۇرلۇق ئاي بولسا ،
هەسەت قىلىپ ئىچىڭگە تىنىۋەرمە تىرىكتاپ .
تاپانغاندا بىلەككە ، يىتەر هەركىم تىلەككە ،
ئەمدى جۇل - جۇل چاپانىنى كىيىۋەرمە تىرىكتاپ .
تاپاي دېمەي روناقنى ، ئاغرىتمىغىن قۇلاقنى ،
نامراتلىقنىڭ دېپىنى چېلىۋەرمە تىرىكتاپ .
قول ئۇزىتىپ هارامغا ، بولۇپ هاپاش ئاۋامغا ،
تەييار سېغىن كالىنى سېغىۋەرمە تىرىكتاپ .
سۇ ئالغاندەك چويلىغا ، پېتىپ خىيال قوينىغا ،
قۇرۇق شاخنى هە دېسە قېقىۋەرمە تىرىكتاپ .
بويلاپ پارلاق مەنزىلنى ، چاپسا خەقلەر دۇلدۇلنى ،
ماڭماس ئەبگاھ ئېشەككە مىنىۋەرمە تىرىكتاپ .
باسسا سېنى خارابلىق ، هېس قىلمامسەن ئازابلىق ،
ۋىجدانىڭنى ، ئارىڭنى سېتىۋەرمە تىرىكتاپ .

بولماي جۇدا زىللەتتىن، قۇتۇلالماي ئىللەتتىن،
ئۆمۈر بويى لاي سۇدەك ئېقىشۇەرمە تىرىكتاپ!
1997 - يىل 9 - ئاي

## ئەمەت زابوي

كېتىپ بارسام كىتابخانىغا،
يېڭى كىتاب بولسا كۆرەي دەپ.
سېتىۋېلىپ تۆت - بەش پارچىنى،
ئوقۇپ - ئوقۇپ ھۇزۇر سۇرەي دەپ.

يول ئۈستىدە ئۇچراشتى ماڭا،
ئەمەت زابوي غەرق مەست - ئەلەس.
دېدى: «دوستۇم ماڭدىڭ قاياققا؟»
ئېغىرغىنا ئېلىپ ئۇ نەپەس.

دېدىم: «ماڭدىم كىتابخانىغا،
يېڭى كىتاب كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ».
مەن گېپىمنى ئۈزمەستە ئەمەت
سۆز باشلىدى بېشىنى قاشلاپ:

«سېتىۋالدىڭ كىتابنى بەك جىق،
مائاشىڭنى ئېلىپ ھەر ئايدا.

نان چىقامدۇ قۇرۇق كىتابتىن،
ئوقۇۋۇرسەڭ نېمىگە پايدا ؟

كىتاب دېگەن ئاچامتى كۆكۆل،
كىتاب ئەمەس تاماشا ـ ئويۇن .
كىتابقا سەن بۇزغۇچە پۇلنى،
ئاشۇ پۇلغا تۈزمەمدۇق سورۇن ؟

يۈر، ئىچەيلى قاۋاقتا كىرىپ،
مۇڭدىشايلى رومكىنى قېقىپ .
يازمامدىمىز سەككىزنى يولغا،
كوچىلاردا مەيدىنى كېرىپ ! »

تەلپىنى رەت قىلدىم ئۇنىڭ،
« توۋا » دېدىم، ئەيلىدىم ھەزەر .
بولامدىكەن كۆنى مەنىسىز،
ھەر كۆنلۈكى ئىچمىسە زەھەر ؟

ئويلاپ قالدىم ئاشۇنداق ياشاش،
كۆرۈنمەمدۇ ئۇنىڭغا يامان ؟
ئالدىكىن زەھەرنى پۇلغا،
ھەسەل بىلەن خوشى يوق نادان .

ئۆگەنمىسە ئىلىم ـ مەرىپەت ،
ھېس قىلامدۇ ۋىجدانى خورلۇق ؟
قاچان تۈگەر روھىي گادايلىق ،
قاچان تۈگەر ئاشۇنداق كورلۇق ؟!
1997 ـ يىل 10 ـ ئاي

## نېمە تاپتۇق

يۇمۇپ مەھكەم كۆزىمىزنى ،
ئالداپ كەلدۇق ئۆزىمىزنى ،
تۆكۈپ ئابرۇي ـ يۈزىمىزنى ،
نېمە تاپتۇق غاجاق غاجاپ .

يوقىتىپ ھوش ـ ئەقلىمىزنى ،
ئۇنتۇپ ئەجداد ـ ئەسلىمىزنى ،
نابۇت قىلىپ نەسلىمىزنى ،
نېمە تاپتۇق غاجاق غاجاپ ؟

نادانلىقتىن ئۆزمەي قولنى ،
خازان قىلىپ باغدا گۈلنى ،
بويلاپ ماڭماي توغرا يولنى ،
نېمە تاپتۇق غاجاق غاجاپ ؟

ياخشىلارغا كولاپ ئورا ،
ئەيلەپ تالاي دىلنى يارا ،
قىلىپ گاھى ئاقنى قارا ،
نېمە تاپتۇق غاجاق غاجاپ ؟

ياخشى ئىدى چوقۇشمىساق ،
پىتنە ـ پاسات توقۇشمىساق ،
كۆن ئۆتمەسمۇ سوقۇشمىساق ،
نېمە تاپتۇق غاجاق غاجاپ ؟

چايانمۇ بىز چېقىشقىلى ،
نەشتەر تەگلەپ ئېلىشقىلى .
بولمامدىكەن پېتىشقىلى ؟
نېمە تاپتۇق غاجاق غاجاپ ؟

قوزغاپ جېدەل ـ ئاداۋەتنى ،
چىللاپ رەزىل قاباھەتنى ،
بىز قىلامدۇق تاپاۋەتنى ،
نېمە تاپتۇق غاجاق غاجاپ ؟

بىرنى دېدۇق : « پاكار ، سېمىز » ،
بىرنى دېدۇق : « ئورۇق ، ئېگىز » ،
بىرنى دېدۇق : « لاتا ـ كىگىز » ،
نېمە تاپتۇق غاجاق غاجاپ ؟

كىم قازانسا شۆھرەت ـ ئۇتۇق ،
دېدۇق ئۇنى : « مەككار ، بۇزۇق » ،
ئېچىپ بەردۇق ياۋغا يوچۇق ،
نېمە تاپتۇق غاجاق غاجاپ ؟

ئادەتىمىدۇ كۆرەلمەسلىك ،
ئىجىل ـ ئىناق ئۆتەلمەسلىك .
قاچان تۈگەر رەزىل ـ پەسلىك ،
نېمە تاپتۇق غاجاق غاجاپ ؟

چىقىرالماي ئىشنى باشقا ،
توپا سالدۇق نەچچە ئاشقا ،
پۈتىمىزمۇ تەگدى تاشقا ،
نېمە تاپتۇق غاجاق غاجاپ ؟

يۈدۈپ يۈرۈپ زىللەتنى بىز ،
بۇلغىمايلى مىللەتنى بىز ،
تۈگىتەيلى ئىللەتنى بىز ،
نېمە تاپتۇق غاجاق غاجاپ ؟

1997 ـ يىل 11 ـ ئاي

## « لەببەي » دېسەم

ماختىدى « لەببەي » دېسەم ئەرباب مېنى ،
پايتىما بولسامۇ دەپ : « زەرباب » مېنى .
شىلسا خەقنىڭ يانپېشىدىن گۆشنى ئۇ ،
قىلدى ئىپلاس پالتىسىغا ساپ مېنى .
« ئال ! » دېسە توشقاننى ئالدىم قۇش بولۇپ ،
كاللا كەستىم ، دېسە : « كاللا چاپ » مېنى ،
يالىسام كەشنى گويا ئىت بولۇپ ،
دېدى خەق : « يۈزى ئۇياتسىز ـ داپ » مېنى .

1997 ـ يىل 12 ـ ئاي

## ئۆز نەپسىمنىڭ كويىدا يۈرۈپ

مەن ئەسلىمنى ئۇنتۇدۇم ئەمدى ،
نىيىتىمنى تونۇتتۇم ئەمدى ،
يىلتىزىمنى قۇرۇتتۇم ئەمدى ،
ئۆز نەپسىمنىڭ كويىدا يۈرۈپ .

پاتماي قالدىم چىقسام كوچىغا ،
گۆش يىغىلدى قورساق ، يوتىغا ،

ئاچ كۆزلۈكتە چىقتىم ئۇچىغا،
ئۆز نەپسىمنىڭ كويىدا يۈرۈپ.

كەلمىسە كۆپ پايدا - نەپ ماڭا،
ھېچ ياقمىدى قۇرۇق گەپ ماڭا،
كەلدى پۇرسەت بەكمۇ ئەپ ماڭا،
ئۆز نەپسىمنىڭ كويىدا يۈرۈپ.

تۇسالغۇغا ئۇچرىماي يولۇم،
ھەممە يەرگە ئۇزاردى قولۇم،
تېز كۆپەيدى بايلىقىم، پۇلۇم،
ئۆز نەپسىمنىڭ كويىدا يۈرۈپ.

ھۇزۇرلاندىم راھەتتە ياشاپ،
زىياپەتتە يېدىم گۆش - كاۋاپ،
ھەر كۈنلۈكى ئىچتىم مەي - شاراب،
ئۆز نەپسىمنىڭ كويىدا يۈرۈپ.

كەلدى ماڭا «كەل - كەل» شارقىراپ،
ئۆي ئىچىممۇ كەتتى پارقىراپ،
ئۇچتۇم گويا كۆككە غارقىراپ،
ئۆز نەپسىمنىڭ كويىدا يۈرۈپ.

نۇر چاچمىدىم چىراغچە يورۇپ ،
ئالدىم پايدا ئاۋامنى يۇلۇپ ،
ئىپلاس قارنىم ئۆتمىدى تويۇپ ،
ئۆز نەپسىمنىڭ كويىدا يۈرۈپ .

بولغاچ ئاشىق خىيانەتكە مەن ،
قەدەم قويدۇم جىنايەتكە مەن ،
يېقىنلاشتىم ھالاكەتكە مەن ،
ئۆز نەپسىمنىڭ كويىدا يۈرۈپ .

1998 ـ يىل 1 ـ ئاي

## ئارمىنىم يوق باشلىقىم

كۈچۈكلىنىپ باخاشلاپ سىزنى ،
يۈدۈۋالسام ھاپاشلاپ سىزنى ،
قانچە كۈتسەم شاپاشلاپ سىزنى ،
ئارمىنىم يوق زادى باشلىقىم .

خالىي جايغا باشلىسام سىزنى ،
دۇمبە تۇتۇپ ئاشلىسام سىزنى ،
قىچىقلىسام ، قاشلىسام سىزنى ،
ئارمىنىم يوق زادى باشلىقىم .

سۆيۈش ئۈچۈن موزاي بولساممۇ ،
تەزىم قىلىپ دوناي بولساممۇ ،
پۈۋلىسىڭىز سۇناي بولساممۇ ،
ئارمىنىم يوق زادى باشلىقىم .

خۇشامەتكە بولۇپ مەستانە ،
چۆرىڭىزدە بولسام پەرۋانە ،
مەيلى بولسام روھىي دىۋانە ،
ئارمىنىم يوق زادى باشلىقىم .

سىزچۈن ۋىجدان ساتساممۇ مەيلى ،
رەزىللىككە پاتساممۇ مەيلى ،
سىبىسىق بۇسنى چاچساممۇ مەيلى ،
ئارمىنىم يوق زادى باشلىقىم .

1998 - يىل 2 - ئاي

## قاچانغۇچە قىلارمىز پاخال

بىرسى يازسا ئۈچ پارچە شېئىر ،
دەيمىز ئۇنى : « ئاتاقلىق شائىر .
ئىقتىدارلىق قەلىمى ئۆتكۈر ،
ئەسەرلىرى بەك ئېسىل ، نادىر » .

بىرسى يازسا ئىككى ھېكايە ،
دەيمىز ئۇنى : « داڭلىق يازغۇچى .
ئىجادىيەت كانىدىن ھارماي
قان - تەر تۆكۈپ گۆھەر قازغۇچى » .

بىرسى ئوقۇپ بەرسە بىر ناخشا ،
دەيمىز ئۇنى : « ئەڭ مەشھۇر چولپان » .
بىرسى ياقسا بىر تال سەرەڭگە ،
دەيمىز ئۇنى : « ياندۇردى گۈلخان » .

بىرنى دەيمىز : « بۈيۈك پېشىۋا » ،
بىرنى دەيمىز : « ئەڭ داڭدار ئالىم » ،
ئويلىمايمىز زادى قەيەردە ،
بولسا مېنىڭ مۇۋاپىق جايىم .

ئاتاق ، ئابرۇي - شۆھرەت قوغلىشىپ ،
شاخ - شۇمبىدىن ياسايمىز چەللە .
ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەيلا ،
كىيدۈرىمىز ئېشەككە سەللە .

بىرىمىزنى بىرىمىز يەلپۈپ ،
چىقىرىمىز ھە دېسە شامال ،

« داڭلىق ، مەشھۇر ، ئاتاقلىق »نى بىز
قاچانغۇچە قىلارمىز پاخال .

1998 - يىل 3 - ئاي

# « كاس - كاس » دېسەڭ دەۋەرگىن مېنى

سورۇنلارغا كىرىمەن ماراپ ،
نېمە بولسا يەيمەن يۇيۇپ - تاراپ ،
توختىمايمەن ئىت كەبى قاۋاپ ،
« كاس - كاس » دېسەڭ دەۋەرگىن مېنى .

ئۆزۈم تۇرۇپ بىر پۇچەك مېغىز ،
تۇرسام دەيمەن ھەممىدىن ئېگىز ،
ئاچۇرمايمەن ئۆزگىنى ئېغىز ،
« كاس - كاس » دېسەڭ دەۋەرگىن مېنى .

ئۆز - ئۆزۈمنى دانىشمەن چاغلاپ ،
توختىماستىن كېتىمەن داڭلاپ ،
سۆنىيىمنى چالىمەن ياغلاپ ،
« كاس - كاس » دېسەڭ دەۋەرگىن مېنى .

بەزىلەرگە كۆرۈنۈپ ئوڭلۇق ،
بەزىلەرگە قىلىمەن توڭلۇق ،

ئىچ ـ ئىچىمدە قايناپدۇ شۇملۇق ،
« كاس ـ كاس » دېسەڭ دەۋەرگىن مېنى .

ناتىقلىقىم يارىسا دەيمەن ،
خەق ئاغزىمغا قارىسا دەيمەن ،
شان ـ شۆھرىتىم تارىسا دەيمەن ،
« كاس ـ كاس » دېسەڭ دەۋەرگىن مېنى .

پاخالمەنكى تېرىقسىز ئۆزۈم ،
جېدەلخورمەن ، قىلىقسىز ئۆزۈم ،
بەكمۇ لاۋزا ، تېتىقسىز ئۆزۈم ،
« كاس ـ كاس » دېسەڭ دەۋەرگىن مېنى .

گاھى شاختىن يوپۇرماق پۇتاپ ،
بەزىلەرنى چىمدىيمەن موتاپ ،
بەزىلەرنى چىشلەيمەن قاساپ ،
« كاس ـ كاس » دېسەڭ دەۋەرگىن مېنى .

كاركىرايمەن ھالىم يوق مېنىڭ ،
مازاق قىلسا كارىم يوق مېنىڭ ،
قىلچە نومۇس ـ ئارىم يوق مېنىڭ ،
« كاس ـ كاس » دېسەڭ دەۋەرگىن مېنى .

1998 ـ يىل 4 ـ ئاي

# پۇلدارمەن

مەيدە قېقىپ پو ئېتىپ سۆزلەيدىغان پۇلدارمەن ،
قۇرۇق شۆھرەت - ئابرۇيىنى كۆزلەيدىغان پۇلدارمەن .
قىلدى يۇندى ئازگىلى نەپسانىيەت قەلبىمنى ،
پەزىلەتكە ، خىسلەتكە كۆنمەيدىغان پۇلدارمەن .
جاننى تىكتىم پۇل ئۈچۈن ، شۇ ئېزىتقۇ يول ئۈچۈن ،
پۇل - بايلىقتىن ئۆزگىنى سۆيمەيدىغان پۇلدارمەن .
«ئال » دېگەندە زېرەكمەن ، «بەر» دېگەندە پۇچەكمەن ،
ئۇرۇق قىلىپ چاچسىمۇ ئۈنمەيدىغان پۇلدارمەن .
ۋىجدانسىزمەن ، دۆيۈزمەن ، قارنى تويماس ئاچ كۆزمەن ،
ئوتنى تىلىم يالىسا كۆيمەيدىغان پۇلدارمەن .
تۇرۇپ كىمكى قېشىمدا ، تەڭلەپ موچەن بېشىمدا ،
تاشلىۋەتسە دېڭىزغا چۆكمەيدىغان پۇلدارمەن .
بولغاچ باغرىم قاتتىق تاش ، ئاجىز - يېتىم تۆكسە ياش ،
ئاڭا شەپقەت - مېھرىمنى تۆكمەيدىغان پۇلدارمەن .
ئېلىپ پايدا پىلچىلىك ، زىيان تارتسام قىلچىلىك ،
قاپاق تۇرۇپ ، قان يۇتۇپ ، كۈلمەيدىغان پۇلدارمەن .
چىقسام پاتماي كوچىغا ، قاراپ بۇرنۇم ئۇچىغا ،
ئەما كۆزۇم يىراقنى كۆرمەيدىغان پۇلدارمەن .
بىر نان تاپسام داپ چېلىپ ، سورۇنلىدا لاپ ئېتىپ ،

كۆڭۈم ئەيش ـ ئىشرەتسىز ئۆتمەيدىغان پۇلدارمەن .
دەيمەن بۇگۈن يايرىسام ، مەيلى ئۆپكە چاينىسام ،
ئەتىكى ياغ ـ قۇيرۇقنى كۈتمەيدىغان پۇلدارمەن .
بولغاچ رەزىل ئىللىتىم ، بولدى پايخان قىممىتىم ،
ئار ـ نومۇسقا ، ئىزاغا ئۆلمەيدىغان پۇلدارمەن .
ئەلگە چۈشكەن سايەم يوق ، ئېتىقادىم ـ غايەم يوق ،
قارا نېمە ، ئاق نېمە ، بىلمەيدىغان پۇلدارمەن .

1998 ـ يىل 5 ـ ئاي

## سويما سالدى بىلىكىم

ئاق خالاتنى كىيىپسىز دوختۇرلۇققا يارامسىز ؟
كۆيۈنمەستىن كەسىپكە ئېتىبارسىز قارامسىز ؟
بىكار كەتتى بىر سائەت تەكشۈرۈلمەي كېسىلىم ،
تولا قاراپ كۆزنەككە جۈپتىڭىزنى مارامسىز ؟
بىرسى قىلسا ئىشارەت ئىشنى تاشلاپ ماڭدىڭىز ،
بىر سائەتتە بەش قېتىم هە دەپ سىرتقا چاپامسىز ؟
كېسىلىمنى تەكشۈرمەي ، دەيسىز « ئىشىم ئالدىراش »،
هۈرپەيدىڭىز ئالىيىپ ، خۇددى مۇزدەك قاتامسىز ؟
تۇرسا كېسەل پۇتۇمدا ، ئاشقازاننى يارا دەپ ،
قويۇپ خاتا دىئاگنوز ، يوق كېسەلنى تاپامسىز ؟

سانجىغاندەك بىگىزنى سالدىڭىزغۇ ئوكۇلنى ،
جان ئاغرىسا مەيلىمۇ ، شۇنداق ئوكۇل سالامسىز ؟
تومۇرۇمنى تاپالماي ، زەخىم بولدى نەچچە جاي ،
سويما سالدى بىلىكىم ، قوغۇن - تاۋۇز ساتامسىز ؟
مىڭىپ كىر گەن كىرەردە ، يېتىپ قالدىم كېتەردە ،
كېسەل تۇرسام سىز يەنە ماڭا كېسەل قاتامسىز ؟
دوختۇر سىزدە يوقمىدۇ مېھىر - شەپقەت كېسەلگە ،
يامان ئىللەت - قىلمىشنى تۈزەتمەستىن ياپامسىز ؟

1998 - يىل 6 - ئاي

# هارام يېگەنلەرگە

تۇرغان بىلەن پارقىراپ تېشىڭ ، هارام يېگەنلەر ،
ئىكەن رەزىل ، قاپقارا ئىچىڭ ، هارام يېگەنلەر .
نەپسىڭنى دەپ داۋاملىق قىلىپ كەلدىڭ قاراملىق ،
دەپ باققىنا ئونىمدۇ بېشىڭ ، هارام يېگەنلەر .
كىم قىلغاندۇ خەس سېنى ، شۇنچە ئىپلاس پەس سېنى ،
يۇتامدىكەن تاشنىمۇ گېلىڭ ، هارام يېگەنلەر .
تىلىڭدا بار دىيانەت ، دىلىڭ مەككار نىهايەت ،
تىلىڭ بىلەن ئوخشىماس دىلىڭ ، هارام يېگەنلەر .
سېلىپ يوغان قورساقنى ، چاچتىڭ بەتبۇي پۇراقنى ،

سېسىپ كەتكەچ ۋۇجۇدۇڭ ـ تېنىڭ ، هارام يېگەنلەر ،
بالاخورسەن قەۋەتلا ، تويماس قارنىڭ پەقەتلا ،
كۆپ بولسىمۇ بايلىقىڭ ـ مېلىڭ ، هارام يېگەنلەر ،
سىر تماق بولۇپ قىلمىشىڭ كانىيىڭنى بوغقاي چىڭ ،
قانداق چىقار ئۆلگەندە جېنىڭ ، هارام يېگەنلەر .

1998 ـ يىل 7 ـ ئاي

## ياخشى ئىشمۇ ؟

ئانام كەلسە بولدۇڭ گويا مۇز ،
چۆمۈچىنىمۇ ئۇردۇڭ قازانغا .
ئاكا بەرگەن ئاچچىق سانجىقىڭ
ئوخشاپ قالدى گويا چايانغا .

كەلتۈرمىدىڭ چاي يا قەنت ـ گېزەك ،
داستىخانغا تىزمىدىڭ توقاچ .
تەل تۇرۇقلۇق ئۆيدە ھەممىسى ،
تولا چاغدا قايناتتىڭ ئۇماچ .

ئاناڭ كەلسە ئېچىلدىڭ گۈلدەك ،
هاردۇق ـ ئاچماق سوراپ باشقىچە .
ئىززەت قىلىپ ئاستىغا ئۇنىڭ
كۆرپە سالدىڭ نەچچە قاتقىچە .

يەنە كۆنلەپ بولدۇڭ پايپېتەك ،
خۇشلۇقۇڭدىن پاتماي جاھانغا .
داستىخاننى سالدىڭ شۇنچە مول ،
پاقلان گۆشى تولدى قازانغا .

ياخشى ئىشمۇ ئاناڭ ۋە ئانام
نەزىرىڭدە بولمسا ئوخشاش .
بىزگە ھايات بەرگەننۇ شۇلار ،
ھەر ئىككىسى بولۇپ نۇر ـ قۇياش .

1998 ـ يىل 8 ـ ئاي

## مېنىڭ تۇغقانلىرىم

ئۆستۈم باشلىق بولۇپ يېزىغا ،
كۆڭلۈم مېنىڭ چۈشتى ئىزىغا .
ئىززەت ـ ئېكرام قىلىپ باشقىچە ،
دوست ـ يارەنلەر ئالدى بېشىغا .

نۇرغۇن كىشى قۇتلۇقلاپ ـ قوللاپ ،
كەلدى مېنى ئۆيۈمگە يوقلاپ .
تونۇشتۇردى ئۆزىنى ماڭا ،
داستىخاندا چېپىمنى ئوتلاپ .

سۆزلەپ كەتتى بىرسى : « بوۋامغا
يېقىن تۇغقان بولىسىز سىز » دەپ .
بىرسى سۆزلەپ كەتتى : « ئۇقسىڭىز ،
بىر نەۋرىنىڭ بالىسى بىز » دەپ .

بىرسى دېدى : « بىلمەيسىز تېخى ،
مومىڭىزنىڭ تاغىسى دادام .
ئىزدەشمىگەن بولساقمۇ ئەمدى ،
ئىزدىشەيلى قىلىشىپ سالام » .

بىلمىسەممۇ ئۇلارنى بۇرۇن ،
سالماي دېدىم دىلىغا غەشنى .
ھەر كۈنلۈكى داستىخان سېلىپ ،
تۇغقىنىمدىن ئۇزاتتىم بەشنى .

بولدى ئامەت باشلىق بولغىنىم ،
تۇغقىنىمنى ئەمدى ئۇققىنىم .
ئەتە - ئۆگۈن يەنە قانچىلىك
كۆپىيەركىن مېنىڭ تۇغقىنىم .

1998 - يىل 8 - ئاي

# قايتىپ چىق

( ئازغان قىزغا )

مەيخانىدىن پاتقاقتا پاتماي دېسەڭ قايتىپ چىق ،
ئەي قىز ، نۇمۇس ـ ئارىڭنى ساتماي دېسەڭ  قايتىپ چىق ،
ئىپلاسلىقتا قەلبىڭنى چاتماي دېسەڭ قايتىنپ چىق ،
ئادىمىلىك بۇرچۇڭنى ئاقلاي دېسەڭ قايتىپ چىق ،
پەزىلەتنى ، خىسلەتنى ساقلاي دېسەڭ قايتىپ چىق .

گۈزەل ئىدىڭ بىغۇبار ، ئەسلىتەتتىڭ گۈلنى سەن ،
تاللىۋالدىڭ نېمىشقا بۇنداق يامان يولنى سەن ،
ئاجراتمايسەن ئۆزۈڭدىن نېچۈن سىرتماق ـ تورنى سەن ؟
ياكى جەننەت بىلدىڭمۇ ۋەيلون دوزاخ ـ گۆرنى سەن ؟
مەڭگۈ غەپلەت ئىچىدە ياتماي دېسەڭ قايتىپ چىق .

« ئايرىمخانە » ئىچىدە بولۇپ ھەمراھ پۇللۇقتا ،
سالسا سېنى خوجايىن كۈندە زىناخورلۇقتا ،
كىم ئۆگەتكەن دېگىنە سېنى بۇنداق شۇملۇقتا ،
سەزمىدىڭمۇ ئالدىنىپ قالغىنىڭنى خورلۇقتا ،
نىجاسەتتەك سېسىق بۇس چاچماي دېسەڭ قايتىپ چىق .

بولماسمۇ بۇ جاھاندىن ھالال ياشاپ ئۆتكىلى ؟
تۆرەلگەنمۇ سەن شۇنداق ھارامخورنى كۆتكىلى ؟
باشلىدىڭغۇ « ئاق » چېكىپ ئىس ـ تۈتەككە چۆككىلى ،
قولغا ئالدىم قەلەمنى قىلمىشىڭنى سۆككىلى ،
نادامەتكە ، پۇشمانغا قالماي دېسەڭ قايتىپ چىق .

پېتىقلايدۇ خەق بىلىپ ئايىغىدا خەي سېنى ،
جارقىرايسەن سەتلىشىپ ، قىلسا ئەلەس مەي سېنى ،
قىپتۇ مەينەت ـ پاسكىنا ساپلا قۇسۇق ـ قەي سېنى ،
ئېچىنغاچقا ھالىڭغا ، دېدىم : «ئىسىت ، ھەي سېنى » ،
يامراپ ھەريان يۇندىدەك ئاقماي دېسەڭ قايتىپ چىق .

كۆل بولمامدۇ ياشلىقىڭ ئىشرەت قىلىپ ئوينىساڭ ،
يىرگىنىشلىك ھايۋان بوپ قالغىنىڭنى تۇيمىساڭ ،
دېدىم سەندىن « پەندىيات ! » ، ئوكمۇتەتۈر تولغىساڭ ،
قىلسۇن سۆكۈت كىم ساڭا ئارىمىزنى بۇلغىساڭ ،
ئورا ـ ئازگال ئۆزۈڭگە قازماي دېسەڭ قايتىپ چىق .

يارىشامدۇ مەي ـ شاراب ئىچىش ئۇيغۇر قىزىغا ،
ئۇياتماستىن باش قويۇپ ياتساڭ خەقنىڭ تىزىغا ،
پەسكەشلىكنىڭ ئايلىنىپ كەتسەڭ ئەخلەت ـ مېزىغا ،
يۈزۈڭ قانداق چىدايدۇ چىقساڭ تاپنىڭ تېشىغا ،
قايتا جىندەك ئەپتىڭنى ئاچماي دېسەڭ قايتىپ چىق .

يەرگە ئۇرساڭ بولامدۇ ياخشى ئەخلاق ـ هايانى ،
كىم كەلتۈردى بېشىڭغا مۇنداق كۈلپەت ـ بالانى ،
ئاشۇمكىن قىلغىنىڭ ئەجدادىڭغا ۋاپانى ،
تۈزەتمىسەڭ قىلمىشىڭ بەرگەي ساڭا جازانى ،
بولۇپ گۇمران ، زاۋاللىق تاپماي دېسەڭ قايتىپ چىق .
1998 ـ يىل 8 ـ ئاي

## بىر قەلەمكەشكە

كونا داپنى چېلىۋەرمەڭ ، قەلەمكەش ،
كونا يولدا مېڭىۋەرمەڭ ، قەلەمكەش .
قىممىتىنى يوقاتمايدۇ زەر دېگەن ،
تاش ـ داشگالنى قېزىۋەرمەڭ ، قەلەمكەش .
بولدى شوئار غەلۋىسىدىن قۇلاق پاك ،
قۇرۇق گەپنى تىزىۋەرمەڭ ، قەلەمكەش .
ئىس پۇراتماڭ بىزار قىلىپ دىماغنى ،
جىنچىراغنى يېقىۋەرمەڭ ، قەلەمكەش .
كۆپ چاينىسا بولار تائام تېتىقسىز ،
لەشنى چايناپ تېتىۋەرمەڭ ، قەلەمكەش .
ئىجادىڭىز تۇپرىقىدا مايسا يوق ،
پۇچەك ئۇرۇق تېرىۋەرمەڭ قەلەمكەش .

كاسات مالغا نەدە باركەن خېرىدار ،
ئۇنى ماختاپ سېتىۋەرمەڭ ، قەلەمكەش .
كۆرەڭلىمەڭ بولدۇم داڭلىق شائىر دەپ ،
ياغاچ ئاتقا مىنىۋەرمەڭ ، قەلەمكەش .
دان كۆرمىدىم سىز راسلىغان خاماندا ،
ئەمدى پاخال يىغىۋەرمەڭ ، قەلەمكەش !

1998 - يىل 9 - ئاي

## ماڭا قورساق تويسىلا بولدى

ئادەت ماڭا ئۇخلاپ ئولتۇرۇش ،
نوقۇساڭمۇ يوقتۇر ئويغىنىش ،
بار جىسمىمدا كىرغا بۇلغىنىش ،
ماڭا قورساق تويسىلا بولدى .

سۆڭىكىمدە بولمىغاچ يىلىك ،
بولدى بوينۇم بىر يۇمشاق پىلىك .
ئۆزۈم مۇردا ، ياشايمەن تىرىك ،
ماڭا قورساق تويسىلا بولدى .

يوغان بولغاچ قالپىقىم مېنىڭ ،
كۆرۈنمەيدۇ شالتىقىم مېنىڭ .

كۈن ئۆتكۈزۈش بايرىقىم مېنىڭ ،
ماڭا قورساق تويسىلا بولدى .

مەيلى بەتتەم سېغىزدەك بولسام ،
سۇنامدىمەن بىگىزدەك بولسام .
بەك ياخشىغۇ كىگىزدەك بولسام ،
ماڭا قورساق تويسىلا بولدى .

ئۆز قىرىمنى ماڭىمەن بويلاپ ،
سەمرىتىمەن ئۆزۈمنى بورداپ ،
تەقدىرىمنى كەتمەيمەن ئويلاپ ،
ماڭا قورساق تويسىلا بولدى .

راستىنى يالغان دەيمەن نەپ بەرسە ،
گۈلنى ئازغان دەيمەن نەپ بەرسە ،
داننى سامان دەيمەن نەپ بەرسە ،
ماڭا قورساق تويسىلا بولدى .

گۈل ئايىنىماس بېغىمدا مېنىڭ ،
غورا پىشماس شېخىمدا مېنىڭ ،
يوقتۇر غۇرۇر قېنىمدا مېنىڭ ،
ماڭا قورساق تويسىلا بولدى .

يوقالسمۇ ئېتىقاد ـ غايەم ،
بار چىقىشقا ئېگىزگە پايەم ،
ئەلگە چۈشمەس شەپقىتىم ـ سايەم ،
ماڭا قورساق تويسىلا بولدى .

ئىچ ـ ئىچىمدىن كەتسەممۇ سېسىپ ،
بولدى ماڭا پاراغەت نېسىپ .
شۈكۈر دەيمەن قۇيرۇقنى قىسىپ ،
ماڭا قورساق تويسىلا بولدى .

ئوغا يۇتسام مەيلى قەستلىنىپ ،
تېرە بولسام مەيلى ئەيلىنىپ ،
ۋاي دېمەيمەن كەتسەم چەيلىنىپ ،
ماڭا قورساق تويسىلا بولدى .

ئۇپراتمايمەن جېنىمنى تۈزۈك ،
ئالتۇن سوقماي سالىمەن ئۈزۈك ،
كۆچەت تىكمەي قاقىمەن ئۆرۈك ،
ماڭا قورساق تويسىلا بولدى .

يورۇق چىقماس ھايات شامىمدىن ،
ئىز قالمىدى ھېچبىر نامىمدىن ،

ئايرىلسامۇ نومۇس ـ ئارىمدىن،
ماڭا قورساق تويسىلا بولدى.

چۆمگىنىم يوق ھېكمەت نۇرىغا،
غاپىللىقنىڭ چۇشتۇم تورىغا،
ئايلانسامۇ ئىسلىق مورىغا،
ماڭا قورساق تويسىلا بولدى.

نەسلىمگە خاس خىسلىتىممۇ يوق،
ئادىمىيلىك زىننىتىممۇ يوق،
ھايۋانچىلىك قىممىتىممۇ يوق،
ماڭا قورساق تويسىلا بولدى.

1998 ـ يىل 9 ـ ئاي

## ماختانغۇدەك نېمەڭ بار سېنىڭ

باشقا تۇشلۇق قالپاق يوق سەندە،
پۇتقا تۇشلۇق پايپاق يوق سەندە،
چايغا تۇشلۇق قايماق يوق سەندە،
ماختانغۇدەك نېمەڭ بار سېنىڭ؟

مىخ قىسقىلى ئامبۇرۇڭمۇ يوق،
ئاش ئەتكىلى چامغۇرۇڭمۇ يوق،

گۈلدۈرۈك كۆپ ، يامغۇرۇڭمۇ يوق ،
ماختانغۇدەك نېمەڭ بار سېنىڭ ؟

بازار تاپسا خەقلەر پەش سېتىپ ،
جاننى باقتى دەيسەن لەش سېتىپ ،
سەن يۈرسەن ئەخلەت ـ خەس سېتىپ ،
ماختانغۇدەك نېمەڭ بار سېنىڭ ؟

ھەيران قالدىم پاختاڭغا بېقىپ ،
ساپ قىلمايسەن پالتاڭغا بېقىپ ،
ئۇن تارتمايسەن خالتاڭغا بېقىپ ،
ماختانغۇدەك نېمەڭ بار سېنىڭ ؟

ئايدا ـ يىلدا تۇغساڭ بىر تۇخۇم ،
ئۆزۈڭنى شاھ سانايسەن چوقۇم ،
باشقىلارغا قىلىسەن ھۇجۇم ،
ماختانغۇدەك نېمەڭ بار سېنىڭ ؟

گۈرۈچ دەيسەن پاخال دۆۋىلىسەڭ ،
مېغىز دەيسەن شاكال دۆۋىلىسەڭ ،
ئالتۇن دەيسەن ساپال دۆۋىلىسەڭ ،
ماختانغۇدەك نېمەڭ بار سېنىڭ .

# ئايلىناي

سۆزلىسەڭ مۇنبەردە قىلغان گەپلىرىڭدىن ئايلىناي ،
ھىيلە ـ مىكرىڭ بىرلە تاپقان نەپلىرىڭدىن ئايلىناي .
ئاتىسەن پونى ئەجەب ئىنساپ ـ دىيانەتتىن بەلەن ،
ساڭا رەڭ بەرگەن « دۇرۇت ـ ئايەت »لىرىڭدىن ئايلىناي .
چىقتىغۇ مۇڭگۈز بېشىڭغا ئەي جاناب مەنسەپ تۇتۇپ ،
گىدىيىپ قىلغان سالام ـ سەھەتلىرىڭدىن ئايلىناي .
مىڭلىغان مىسكىن ـ غېرىب غۇربەتچىلىكتىن يىغلىسا ،
بەزمىدە ئۆتكەن كۈنۈڭ ـ راھەتلىرىڭدىن ئايلىناي .
قىلسەن مەنسەپنى پەش ، ئىلماي كۆزۈڭگە بارچىنى ،
ئەلگە كۆز ـ كۆز ئەيلىگەن ئامەتلىرىڭدىن ئايلىناي .
بولدىڭغۇ نەپسىڭ بالا ، ھە دەپ ھارامدىن سەمرىدىڭ ،
تومپىيىپ چىققان قورساق ـ قامەتلىرىڭدىن ئايلىناي .
ئاقىۋەت شەرمەندە قىلغاي قىلمىشىڭ پۈكلەپ سېنى ،
ئامىتىڭ قاچقاندىكى ھالەتلىرىڭدىن ئايلىناي .

1998 ـ يىل 10 ـ ئاي

# ئالدىما

سەن ماڭا خال كۆرسىتىپ يالغان زىناقنى ، ئالدىما ،
سەن ماڭا ئاي كۆرسىتىپ ئىپلاس سىياقنى ، ئالدىما .

تۇرسا ئۆتكۈر كۆزلىرىم بىلدىڭمۇ ئەما ـ كور مېنى ،
پەرق ئېتەرمەن گۈل بىلەن ئازغان ـ شۇۋاقنى ، ئالدىما .
ئايلىنىپ ئەخلەت ـ نىجاسەتكە پۈتۈن كەتتىڭ سېسىپ ،
پۈرىمايمەن لالە دەپ بەتبۇي پۇراقنى ئالدىما .
ئالدىنار دەمسەن مېنى سۈتسىز ئېمىزگەڭنى ئېمىپ ،
دورىمايمەن گۈل بولۇپ سەبىي بوۋاقنى ، ئالدىما .
نى نۇمۇس ، نى ئات ماڭا ۋىجداننى ساتسام ـ بۇلغىسام ،
جان باقامتىم شايى دەپ جەندە ـ قۇراقنى ، ئالدىما .
سۆزلىگەنگە ئوخشىماس ، باقسام ئەمەلدە قىلمىشىڭ ،
گەپلىرىڭگە كىم سېنىڭ سالغاي قۇلاقنى ، ئالدىما .
مىڭ يوشۇرساڭمۇ مېزىڭنى ، ئېچىلىپ قالدى تېزىڭ ،
چۆكتۈرۈپ كىيسەڭمۇ سەن پوسما ـ تۇماقنى ئالدىما .
كۈنسېرى بولدى ئايان رەڭۋازلىقىڭ ـ مەككارلىقىڭ ،
بىلىمەن قۇرماقچىسەن قاپقان ـ تۇزاقنى ، ئالدىما .
ئۆلگىنىم مىڭ مەرتە ياخشى ياشىغاندىن قۇل بولۇپ ،
مېنى لالما ئىت بىلىپ تەڭلەپ يالاقنى ، ئالدىما .
مەيلى دارغا ئاس مېنى ، دەيمەن هولۇقماي بىرنى بىر ،
ئېغىزىمغا ياپقىلى بولماس تۇۋاقنى ، ئالدىما .
سۇندۇرالماس ھەيۋىتىڭ جەسۇر ئىرادەمنى مېنىڭ ،

ھە دېسە كۆز ـ كۆز قىلىپ كالتەك ـ چوماقنى ، ئالدىما .
دەسسىمەس قايتا ئېشەك پاتقاقتا پاتسا بىر قېتىم ،
قىلمىشىڭ بەردى تالاي ئاچچىق ساۋاقنى ، ئالدىما .
بىل شۇنى ، بەخشەندە بولماس بىر ساڭا ئامەت دېگەن ،
ھەق ـ ئادالەت بىر كۈنى قىلغاي سوراقنى ، ئالدىما .

## « ئاق » چەككەن ھاماقەتكە

ئۈنتۈپ بۈگۈن ئەجدادىڭنى ـ ئەسلىڭنى ،
خازان قىلىپ گۈلدەك باھار پەسلىڭنى ،
بولامدىكەن نابۇت قىلساڭ ۋەسلىڭنى ،
ئەي ھاماقەت ، نېمە تاپتىڭ « ئاق » چېكىپ ؟

ئاشۇمىدى ئەلگە بەرگەن نېمىتىڭ ؟
نەدە قالدى ياخشى ئەخلاق ـ خىسلىتىڭ ؟
نەدە قالدى ئادىمىيلىك قىممىتىڭ ؟
ئەي ھاماقەت ، نېمە تاپتىڭ « ئاق » چېكىپ ؟

رەزىل قىلمىش دائىم ساڭا ئادەتمۇ ؟
چۈشكۈنلىشىش ـ زەئىپلىشىش راھەتمۇ ؟
ھايۋان كەبى ياشاش ساڭا ئامەتمۇ ؟
ئەي ھاماقەت ، نېمە تاپتىڭ « ئاق » چېكىپ ؟

زەپىراندەك يۈزلىرىڭدە قان قېنى ؟
لاغىلدايسەن پۇت ـ قولۇڭدا جان قېنى ؟
مۇردا بوپسەن ، ئۇستىخنىڭدا سان قېنى ؟
ئەي هاماقەت ، نېمە تاپتىڭ « ئاق » چېكىپ ؟

خالىغانچە چىقىپ تاپتىن ـ يولۇڭدىن ،
مەهرۇم بوپسەن ئۇز ـ چىرايلىق گۈلۈڭدىن ،
ئايرىلىپسەن مال ـ بىساتتىن ، پۇلۇڭدىن ،
ئەي هاماقەت ، نېمە تاپتىڭ « ئاق » چېكىپ .

تاشلاپ ئايەت ، ۋەيرانچىلىق بېشىڭغا ،
بەڭۋاشلىقتىن توپا ساپسەن ئېشىڭغا ،
هېچكىم يېقىن كەلمەيدىكەن قېشىڭغا ،
ئەي هاماقەت ، نېمە تاپتىڭ « ئاق » چېكىپ ؟

پۇل تۆگىسە كېزىپ رەستە ـ بەريانىنى ،
يانچۇقلاردىن ئوغرىلايسەن هەميانىنى ،
قىلمىشىڭ كۆپ سۆزلىسەم بۇ جەريانىنى ،
ئەي هاماقەت ، نېمە تاپتىڭ « ئاق » چېكىپ ؟

تەۋەككۇل دەپ دەسسەپ قاپقان ـ تۇزاققا ،
ئايلاندىڭمۇ ئەلدە بەتبۇي پۇراققا .

تىرىك تۇرۇپ كىرمەكچىمۇ دوزاخقا ،
ئەي ھاماقەت ، نېمە تاپتىڭ « ئاق » چېكىپ ؟

نەسىھەتكە ئۇبدان سالماي قۇلاقنى ،
قىلمىشىڭدىن ئالماي ئىبرەت - ساۋاقنى ،
ئۆچۈرمەستىن يامان ئاتنى - ئاتاقنى ،
ئەي ھاماقەت ، نېمە تاپتىڭ « ئاق » چېكىپ ؟

كۆزۈڭنى ئاچ ، يايدى قانۇن تورىنى ،
ھالۋا دېمە پىشمىغان توك غورىنى ،
ئۆز - ئۆزۈڭگە كولىمىغىن ئورىنى ،
ئەي ھاماقەت ، نېمە تاپتىڭ « ئاق » چېكىپ ؟

ئۆز ۋاقتىدا تاشلاپ يامان ئىللەتنى ،
قەھرىڭ بىلەن كۆيدۈر ئەمدى زىللەتنى ،
ئىللەت يۇقسا نەس باسامدۇ مىللەتنى ،
ئەي ھاماقەت ، نېمە تاپتىڭ « ئاق » چېكىپ ؟

1998 - يىل 11 - ئاي

## گەپ ساتما

ئېزىپ راسا ئەزمەڭنى ۋايساپ قۇرۇق گەپ ساتما ،
توختىماستىن تىلىڭنى چايناپ قۇرۇق گەپ ساتما .

تۇز دەپ ئەگرى پۇتاقنى ، ئاغرىتمىغىن قولاقنى ،
ئۆتمەس كاسات مىلىگنى ماختاپ قۇرۇق گەپ ساتما .
تەمەننا قىپ ئۆزۈڭگە ، بىرىپ بوياق يۈزۈڭگە ،
خەقنى قىرى تۇلكىدەك ئالداپ قۇرۇق گەپ ساتما .
يەڭمەي تۇرۇپ خەتەرنى ، قۇچماي جەڭدە زەپەرنى ،
سەپ كەينىدە سۆرىلىپ - ئاقساپ قۇرۇق گەپ ساتما .
ئۆتەلمىسە كاتاڭدىن ، رەنجىپ ئورۇق كالاڭدىن ،
ئەبجەق هارۋاڭ چاقىنى مايلاپ قۇرۇق گەپ ساتما .
تۆككەن ئەجىر - تەرىڭ يوق ، خامىنىڭدا دىنىڭ يوق ،
غەلۋىرىڭدە سامانىنى تاسقاپ قۇرۇق گەپ ساتما .
كىم زەر دەيدۇ پاخالنى ، مىغىزى يوق شاكالنى ،
ئۆز - ئۆزۈڭدىن زارلىنىپ ، قاقشاپ قۇرۇق گەپ ساتما .
ئەل بىزاردۇر پوچىدىن ، تىشى پال - پال نوچىدىن ،
قىممىتىڭنى خەس كەبى خارلاپ قۇرۇق گەپ ساتما .

1998 - يىل 12 - ئاي

# نەپسىڭنى يىغ

ئەي رەزىل نەپسى بالا نەپسىڭنى يىغ ،
بەتنىيەت كۆڭلى ئالا نەپسىڭنى يىغ .
ئويلىغىن ئادەم دىگەي كىممۇ سىنى ،

تويمىغۇر ھايۋان ــ كالا ، نەپسىڭنى يىغ .
چىكىدىن ئاشتىڭ داۋام يولدىن ئېزىپ ،
بوپتۇ بەك ئەقلىڭ قارا ، نەپسىڭنى يىغ .
ئالسا باشقا ئەتىۋارلاپ ئەل سېنى ،
كەلمىدى سەندىن ۋاپا ، نەپسىڭنى يىغ .
غادىيىپ مىندىڭ ئاۋامنىڭ بويىنىغا ،
ئەيلىدىڭ جانغا جاپا ، نەپسىڭنى يىغ .
سۆزلىسەڭ پاكلىق تىلىڭدىن چۈشمىگەي ،
قىلمىشىڭ بولدى خاتا ، نەپسىڭنى يىغ .
نىيىتىڭ قازغاي ئۆزۈڭگە ئورىنى ،
ھەق ساڭا بەرگەي جازا ، نەپسىڭنى يىغ .

1999 ــ يىل 1 ــ ئاي

## ئوبدان بولامتىم

چىرىغىڭنى يېقىپ بەرسەم ئوبدان بولامتىم ،
ئېرىقىڭنى چېپىپ بەرسەم ئوبدان بولامتىم .
ئايىغىڭنى سۈرتۈپ ــ مايلاپ ، چېچىڭنى تاراپ ،
چاپىنىڭنى قېقىپ بەرسەم ئوبدان بولاتتىم .
ئەتراپىڭدا لالما ئىتتەك سوكۇلداپ سېنىڭ ،
بوسۇغاڭنى بېقىپ بەرسەم ئوبدان بولامتىم .

مىنىپ خەقنىڭ گەجگىسىگە قىلساڭ تاماشا ،
دۇمبىقىڭنى چېلىپ بەرسەم ئوبدان بولامتىم .
چەيلەپ خۇشبۇي گۈل ـ لالىنى ، ئۇنىڭ ئورنىغا
تىكەن ـ ئازغان تېرىپ بەرسەم ئوبدان بولامتىم .
ئادەمسىياق ھايۋانلارنى پەردازلاپ ـ ماختاپ ،
ياخشىلارنى چېقىپ بەرسەم ئوبدان بولامتىم .
گۆش كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتساڭ تۇزاقتا دەسسەپ ،
لەشنى چايناپ تېتىپ بەرسەم ئوبدان بولامتىم .
شەربەت بىلىپ ماڭا تۇتقان زەھەر ـ ئوغاڭنى ،
ئېمىزگەڭنى ئېمىپ بەرسەم ئوبدان بولامتىم .
بولۇپ ئاچ كۆز نەپسىڭ ئۇچۇن قۇرۇق ئۇستىخان
گۆشلىرىمنى شىلىپ بەرسەم ئوبدان بولامتىم .
غاپىللىقىڭ پالتىسىنى تۇتقۇزساڭ ماڭا ،
ئۆز شېخىمنى كېسىپ بەرسەم ئوبدان بولامتىم .
ھاياتىمنى رەزىللىككە بۇلغاپ سېنى دەپ ،
ۋىجدانىمنى سېتىپ بەرسەم ئوبدان بولامتىم .
1999 ـ يىل 2 ـ ئاي

## يازمىشىم ۋە قىلمىشىم

غەيۋەتخورنى يازىمەن سۆكۈپ ،
مىسرالاردا قەھرىمنى تۆكۈپ .

ئازگىللىغا غەيۋەتخورلۇقنىڭ
پەيتى كەلسە كېتىمەن چۆكۈپ .

بىرنى دەيمەن : « يالاڭتۆش ، سولتەك » ،
بىرنى دەيمەن : « چاپىنى كالتەك » ،
گاھ ئۇيانغا ، گاھى بۇيانغا ،
دومىلاپلا بولىمەن غالتەك .

پېشانەمدە « شائىر » دەپ قاشقا ،
گۈل كەلتۈرەر قەلىمىم تاشقا .
يازغانلىرىم بەكمۇ چىرايلىق ،
لېكىن قىلغان قىلىقىم باشقا .

1999 - يىل 3 - ئاي

## ئۈچ سائەتلىك باي

تەكشۈرۈشكە كەلدۇق يېزىغا ،
قارشى ئالدى يېزا باشلىقى .
داغدۇغىغا چۈمدۈردى يۇرتنى ،
ئۇنىڭ قاتتىق پەرمان - يارلىقى .

بەردى باشلىق خىزمەتتىن دوكلات ،
داخىل بولدۇق زىياپەت چايغا .

دېدى : « سانسىز نامرات ئائىلە
يېزىمىزدا ئايلاندى بايغا » .

بەردى تەكلىپ ئاخىرىدا ئۇ ،
كەنت تامان يۈرمەكچى بولدۇق .
بىر نۇقتىلىق ئائىلىنى بىز
نۇسخا قىلىپ كۆرمەكچى بولدۇق .

يېتىپ كەلدۇق كەنتكە ئاخىر ،
باشلاپ كىردى چىرايلىق ئۆيگە .
داستىخاندا يېدۇق گۆش پولۇ ،
تولدى ھەريان ناخشىغا ـ كۈيگە .

تراكتورمۇ باركەن ھويلىدا ،
باركەن يەنە ئېتى ، ھارۋىسى .
سىبېتىۋاپىتۇ موتو ، تېلېۋىزور ،
ئېغىلىدا كۆپكەن چارۋىسى .

ئايۋانغا لىق سېلىنغان گىلەم ،
ئۆيلەر تولغان ئىشكاپ ، ساپاغا .
كۆز چاقناتسا ئۆي ئىچى شۇدەم ،
چىققۇڭ كەلمەس ھەرگىز تالاغا .

ئۆي ئىگىسى تۇرغانتى چەتتە،
دېدۇق : « بىزدىن قاچماڭ سىز نېرى .
تۇرمۇشىڭىز پاراۋان ئىكەن،
باي بولدىڭىز قاچاندىن بېرى » .

مۇنداق دېدى ئاق ساقال دېھقان :
« كۆرمىگەنتىم بۇنچىلىك راھەت .
نامرات ئىدىم تېخى ھېلىلا،
باي بولغىلى بولدى ئۈچ سائەت .

بۈگۈن ماڭا بولدى ھېيت ـ ئايەم،
ئوقۇدۇڭلار ئۆيۈمگە پەتە .
نامراتلىققا قايتىمەن يەنە،
بۇ بايلىقىم يوقالسا ئەتە ... »

1999 ـ يىل 4 ـ ئاي

## نەيرەڭۋازنىڭ ئىقرارى

پاقلان سويماي سان چىقىرىپ،
خېمىر قىلماي نان چىقىرىپ .
بولدۇم ئەجەب نەيرەڭۋاز،
خامان قىلماي دان چىقىرىپ .

توختىماستىن كاركىراپ،
پونى ئاتتىم ۋارقىراپ،
قۇرۇق گەپتىن مۇنبەردە
قالتىس ئۇتۇق ـ شان چىقىرىپ.

هارام يېيدىم توي تارتىپ،
ئۆستۈم ئېگىز بوي تارتىپ،
شوراپ كەلدىم ئاۋامنى،
پىچاق سالماي قان چىقىرىپ.

چاكار دېسە ئېتىمنى،
كەردىم بەگدەك چېتىمنى،
ھەيۋە قىلدىم پۇقراغا،
گالنى بوغماي جان چىقىرىپ.

ئىشىمدا يوق نۇقسان دەپ،
توققۇز بولسا توقسان دەپ،
يازدىم يالغان دوكلاتنى،
دەپتىرىمدىن سان چىقىرىپ.

تۆكمەي زەررە تەرنى مەن،
يىغدىم بايلىق ـ زەرنى مەن،
كۆن ئۆتكۈزدۈم راھەتتە،
كىسەك قۇيماي تام چىقىرىپ.

ئىشتا تەدبىر ـ دىتىم يوق ،
ھاياتلىقتا ئىزىم يوق ،
قۇياش دەيمەن تۆھپەمنى ،
پىلىلدىغان شام چىقىرىپ .

ھەيران قالماڭ پوسىمامدىن ،
قاشقا قويغان ئوسىمامدىن ،
ئۆزۈمنى پاك ـ ساق دەيمەن ،
يېغىرىمنى كەم چىقىرىپ .

كۆلۈپ يالغان كۈلكىنى ،
دورىغاچقا تۈلكىنى ،
ھېچ چۈشمىدىم قونداقتىن ،
ساختا ئابرۇي ـ نام چىقىرىپ .

1999 ـ يىل 5 ـ ئاي

## پارا يېگەن ئەرزخور

يېزىمىزدا تارقالدى بىر گەپ ،
« ئەمەت ئەرز يېزىپتىمىش » دەپ .
« بىرگە باشلىق بولغان كىشىنىڭ
قىلمىشىنى قېزىپتىمىش » دەپ .

ئاشۇ گەپنى ئاڭلاپ بەزىلەر
دېدى : « ئەمەت جىگىرى بار ياش .
ئادالەتنى ، پاكلىقنى ياقلاپ ،
پارىخورنى قىپتۇ ئاخىر پاش » .

كىمنى كۆرسە ئەمەتمۇ نوقۇپ ،
بەردى يازغان ئەرزىنى ئوقۇپ .
دېدى : « يېزا باشلىقىنىڭ مەن
ئاچ نەپسگە سالىمەن قۇلۇپ .

قىلمىشىنى ئېچىپ تاشلايمەن ،
ئەسكى مازدەك تىتىپ تاشلايمەن .
رەسۋا قىلىپ پارا يېگەنگە ،
يىلتىزىنى كېسىپ تاشلايمەن » .

خەۋەر تېپىپ يېزا باشلىقى ،
دېدى : « مەنمۇ يۇرمەيمەن ئۇخلاپ » .
يانچۇقىغا سېلىپ مىڭ سومنى ،
كەلدى بىر كۈن ئەمەتنى يوقلاپ .

دېدى باشلىق ئەمەتكە پىنهان :
« ماڭا قاتتىق قىلمىغىن قولنى .

يېزىۋەرمەي ئەرزىگنى توختات ،
ساڭا بېرەي مىڭ يۈەن پۇلنى » .

پۇلنى قولغا ئېلىپلا ئەمەت ،
خۇشاللىقى سىغمىدى تەنگە .
كۆرەڭلىكى يوقالدى بىردىن ،
يازغان ئەرزى ئايلاندى يەلگە .

دېدى ئەمەت : « خاتىرجەم بولۇڭ ،
چاپلىمايمەن سىزگە قارىنى .
ئۈستىڭىزدىن ئەرز سۇنمايمەن ،
ئەمدى مەنمۇ يېدىم پارىنى ...

شۇڭ تۇرمىغاچ باشلىق تاپىنى ،
يېپىۋالدى يىرىك - چاقىنى .
ھەيران بولۇپ بۇ ئىشقا خەقلەر ،
مۇنداق دېدى تۇتۇپ ياقىنى :

« ئۇقماپتىمىز ئەمەت رەڭۋازنى ،
ئايلانغانكەن ئىپلاس تۇزكورغا .
ئۆگىنىپتۇ يانچۇقچىلىقنى ،
ۋىجدانىنى سېتىپتۇ پۇلغا ... »

1999 - يىل 6 - ئاي

# ئىزدىنەيلى يەنە باشقىدىن

دوستۇم راستلا كەتمەيدۇ ئارتۇق ،
كۆڭلىمىزنى باھار ـ ياز دېسە .
خۇش چاقچاقمىز ، سەنئەتخۇمارمىز ،
جان بېرىمىز ناخشا ـ ساز دېسە .

ناخشا ئېيتساق سايراپ كېتىمىز ،
ئۇسسۇل ئويناپ يايراپ كېتىمىز .
« ئەجدادىمىز تۆھپىسى بۇ » دەپ ،
مۇقامنىمۇ داڭلاپ كېتىمىز .

دەسسايمىز ياستۇق ئۇخلاشقا ،
كۆنۈپ كەتتۇق قورساق توقلاشقا .
نەرىمىز كەم ، نەرىمىز ئارتۇق ،
ۋاقتىمىز يوق ئۇنى ئويلاشقا .

قۇتۇلامدۇق ناخشا ـ ساز بىلەن ،
« نادان مىللەت » دېگەن قاشقىدىن .
گۈللەپ روناق تاپايلى دېسەك ،
ئىزدىنەيلى يەنە باشقىدىن .

1999 ـ يىل 7 ـ ئاي

## پۇلنى دەپ

ئاچ كۆزلۈككە پاتىمىزمۇ پۇلنى دەپ ،
ئار ـ نومۇسنى ساتىمىزمۇ پۇلنى دەپ .
پايدا ـ نەپچۈن ھوشىمىزنى يوقىتىپ ،
ئەقلىمىزدىن ئازىمىزمۇ پۇلنى دەپ .
كۆرەلمسەك بىر ـ بىرىمىزنى بىر ـ بىرىمىز ،
چايان بولۇپ چاقىمىزمۇ پۇلنى دەپ .
قەلبىمىزنى نەپسانىيەت بۇلغىسا ،
ئەسلىمىزدىن تانىمىزمۇ پۇلنى دەپ .
بولۇپ نادان ، خۇشامەتنىڭ دېپىنى
تاراڭلىتىپ چالىمىزمۇ پۇلنى دەپ .
نابۇت بولۇپ ، ئۆزىمىزگە ھالاكەت
ئورىسىنى قازىمىزمۇ پۇلنى دەپ .

1999 ـ يىل 8 ـ ئاي

## تولا

ئەي بۇرادەر ، قورسىقىڭدا پەم تولا ،
پەملا ئەمەس ، ھىيلە ـ مىكىر ، رەم تولا .
ئەتراپىڭدا « ھە ـ ھۇ » دەيدۇ چاپانچى ،
سەل قىڭغايساڭ يۆلەيدىغان دەم تولا .

ئار ـ نومۇسنى ساتتىڭ نەپكە ئۇياتماي ،
يۈزلىرىڭدە قېلىن تېرە ـ چەم تولا .
ئايرىمايسەن ھالال بىلەن ھارامنى ،
يالماۋۇزسەن ، سەن يەيدىغان يەم تولا .
يىغىۋېلىپ يەنە نۇرغۇن بايلىقنى ،
دەيسەن تويماي « بىساتىمدا كەم تولا ... »
تاماشادا ئۆتەر ئۆمرۈڭ كۈندۈزى ،
كەچتە ئۇيقۇڭ قاچار ، سەندە غەم تولا .
كۆرەڭلىمە ئامىتىڭدىن گىدىيىپ ،
بىر كۈن بولار كۆزلىرىڭدە نەم تولا .

1999 ـ يىل 9 ـ ئاي

## يازىمەن

ئېشەك كۆرسەم تاي دەپ يازىمەن ،
سەتنى كۆرسەم ئاي دەپ يازىمەن .
قىلالايمەن تېرىقنى تاۋۇز ،
نامراتلارنى باي دەپ يازىمەن .

كەڭنى كۆرسەم تار دەپ يازىمەن ،
قۇشقاچ كۆرسەم سار دەپ يازىمەن .

ئۇندۇرىمەن تۇخۇمدىن تۇكنى ،
يوقنى كۆرسەم بار دەپ يازىمەن .

قارا كۆرسەم ئاق دەپ يازىمەن ،
جۇپنى كۆرسەم تاق دەپ يازىمەن .
قىلىپ گاھى بەتبۇينى خۇشبۇي ،
بۇزۇقلارنى ساق دەپ يازىمەن .

راستنى يالغان ـ لاپ دەپ يازىمەن ،
يولنى مەندەك تاپ دەپ يازىمەن .
ئۇياتماستىن ئۆزۈمنى تېخى
شائىرلىققا باب دەپ يازىمەن .

1999 ـ يىل 10 ـ ئاي

## قەلەمگە خىتاب

ئەلگە ئىللىق قۇچاق بول قەلەم ،
ئەل دىلىغا چىراغ بول قەلەم .
ئەل پەرۋىشلەپ كۆكلەتتى سېنى ،
ئاڭا خۇشبۇي پۇراق بول قەلەم .

جانسىزلارغا ئاتا قىلغىن جان ،
چاڭقىغانغا بۇلاق بول قەلەم .

كېكەشلەرگە بەرگىن قايتا تىل،
گاسقا ئۆتكۈر قۇلاق بول قەلەم.

ياخشىلارغا چېچىپ مېھرىڭنى،
كۈيلەپ ئۇنى قوشاق بول قەلەم.
غادايغانغا غادايغىن سەنمۇ،
خۇشامەتتىن يىراق بول قەلەم.

تىتىپ تاشلا ساختىپەزلەرنى،
مەككارلارغا تۇزاق بول قەلەم.
ناكەسلەرگە سانجىل تىغ بولۇپ،
يامانلارغا دوزاخ بول قەلەم.

1999 ـ يىل 11 ـ ئاي

## ئەمەل تۇتساڭ

ئۆزۈڭنى شاھى سۇلتاندەك بىلىپ كەتمە ئەمەل تۇتساڭ،
چىقىپ پەشتاققا ناغراڭنى چېلىپ كەتمە ئەمەل تۇتساڭ،
كۆرەڭلەپ ماختىنىپ يۈرمە، ئاۋامنى دۆت ـ نادان كۆرمە،
قازاندا قاينىغان سۇدەك تېشىپ كەتمە ئەمەل تۇتساڭ.
چاكار بول ئەلگە پىداكار، كۈرەشتە ئاقلا بۇرچۇڭنى،
تەمەننا بىرلە ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتمە ئەمەل تۇتساڭ.
يېگىپ جەڭدە خەتەرلەرنى، يارات شانلىق زەپەرلەرنى،
رىيازەت ئۇچرىسا قورقۇپ قېچىپ كەتمە ئەمەل تۇتساڭ.

پەزىلەت باغىغا گۈل تەر ، ھالال ئەجرىڭ بىلەن يىغ زەر ،
ئىزىڭغا خوخا ـ يانتاقنى چېچىپ كەتمە ئەممەل تۇتساڭ .
بىرىلسەڭ ئەيش ـ ئىشرەتكە ، ھاياتىڭ ئايلىنار خەسكە ،
قېنىنى مەي بىلىپ خەقنىڭ ئىچىپ كەتمە ئەممەل تۇتساڭ .
بولۇپ خۇشتار ھارام پۇلغا ، مېڭىپ شۇ تار ، تۇيۇق يولغا ،
ھامان نەپسىڭگە چوغ تارتىپ ، بېيىپ كەتمە ئەممەل تۇتساڭ .
ئىشەنگەي كىم تىلىڭ بىرلە دىلىڭنى قىلمىساڭ ئوخشاش ،
رەزىللىك قوينىغا چوڭقۇر پېتىپ كەتمە ئەممەل تۇتساڭ .
ئۇنتۇساڭ ئەلنى ـ خەلقىڭنى ، ئۇلار سەندىن بىزار بولغاي ،
قىلىپ نابۇت ۋۇجۇدۇڭنى ، سېسىپ كەتمە ئەممەل تۇتساڭ .
ئىشەنمە ساختىپەزلەرگە ، چاپانچى ـ تەخسكەشلەرگە ،
داۋام ناكەسنى چۆرەڭگە يىغىپ كەتمە ئەممەل تۇتساڭ .
قەدىرلەپ پاك پەزىلەتنى ، بەخش ئەت ئەلگە نېمەتنى ،
ئىشەنچىڭ ، ئېتىقادىڭدىن ئېغىپ كەتمە ئەممەل تۇتساڭ .
ئېلىپ ئىبرەت ساۋاقلاردىن ، ھەزەر قىلغىن چاتاقلاردىن ،
ئۆزۈڭگە ئورا ـ ئازگالنى قېزىپ كەتمە ئەممەل تۇتساڭ .

1999 ـ يىل 12 ـ ئاي

# شېئىر ئوغرىسىغا

يوقمۇ سەندە زەررىچە ئىنساپ شېئىر ئوغرىسى ،
تۈزەلمەمدۇ قىلمىشىڭ ، كاززاپ شېئىر ئوغرىسى .
يۈزۈڭ قېلىن داپ ئىكەن ، ئوغرى نامىڭ باب ئىكەن ،

تەييارغا سەن ھەييارمۇ ، ئاجناپ شېئىر ئوغرىسى .
خەق يازغاننى مېنىڭ دەپ ئېلان قىلدىڭ ئۇياتماي ،
ئوقۇرمەننى كۆپ قېتىم ئالداپ شېئىر ئوغرىسى .
ئېرىشەي دەپ نەپكە سەن ، قېتىلغانمۇ سەپكە سەن ،
ماڭالمىدىڭ قاتاردا ئاقساپ شېئىر ئوغرىسى .
قۇچۇپ ساختا شۆھرەتنى ، تاپارمىدىڭ ھۆرمەتنى ،
يېتەلمىدىڭ ئارمانغا ۋايساپ شېئىر ئوغرىسى .
چوڭ بىلەمسەن ئۆزگىنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەشنى ،
قىچىشمىغان سۆڭگەچنى قاشلاپ شېئىر ئوغرىسى .
دېدىم : « بۇنداق ئەجىرسىز جان باققۇچە ئۆلسەڭچۇ » ،
قىلمىشىڭغا ۋىجدانىم قايناپ ، شېئىر ئوغرىسى .
يازالمىساڭ ، دوپپاڭنى يۇيۇپ كىيسەڭ بولمامدۇ ،
نېمە تاپتىڭ ئۆزۈڭنى بابلاپ شېئىر ئوغرىسى .
« ئاچچىق دەشنام يېگىنىم » دەمسەن « بەش نان يېگىنىم »،
قىممىتىڭنى قىلدىڭ خەس ، خارلاپ شېئىر ئوغرىسى .
ئەس ـ ھوشۇڭنى تېپىۋال ، ئۆز جايىڭغا بېرىۋال ،
بۇنداق رەزىل قىلمىشنى تاشلاپ شېئىر ئوغرىسى .
2000 ـ يىل 1 ـ ئاي

# نەپسىمنى دەپ

نى قازاندا قايىندىم نەپسىمنى دەپ ،
چوغنى يالماپ چايىندىم نەپسىمنى دەپ .

كۈنسېرى ماڭدىم يامانلىق يولىغا ،
ياخشىلىقنى تاشلىدىم نەپسىمنى دەپ .
نەپ ئۈچۈن قىلدىم تالاي گۇپپاڭچىلىق ،
قارا بولسا ئاق دېدىم نەپسىمنى دەپ .
لالىنى يۇلدۇم تامام باغ ئىچىدىن ،
شۈم تىكەندەك ئايىندىم نەپسىمنى دەپ .
چىرمىدى جىسمىمنى قۇۋلۇق - ساختىلىق ،
خەقنى ئالداپ بابلىدىم نەپسىمنى دەپ .
چالغ سىلىپ ئاجىز - يېتىمنىڭ ھەققىگە ،
كۆزلىرىنى ياشلىدىم نەپسىمنى دەپ .
زەپ ھۇزۇر سۈردۈم ھەشەمەت پەيزىدىن ،
كانىيىمنى ياغلىدىم نەپسىمنى دەپ .
توپلىدىم بايلىق ھارامدىن بىھېساب ،
ئەل دىلىنى داغلىدىم نەپسىمنى دەپ .
بىر زەھەرلىك ئۆمۈچۈكتەك تور يېيىپ ،
ھەر تەرەپكە شاخلىدىم نەپسىمنى دەپ .
خەقنى قىل بىلسەم ، ئۆزۈمنى پىل بىلىپ ،
بەك ئەقىللىق چاغلىدىم نەپسىمنى دەپ .
قىلمىشىم بولدى ھالاكەت ئارقىنى ،
پۈت - قولۇمنى باغلىدىم نەپسىمنى دەپ .

2000 - يىل 2 - ئاي

# سۆكمەن

مېغىزى يوق شاكاللارنى سۆكمەن ،
دان بەرمىگەن پاخاللارنى سۆكمەن .
قۇت تىلەيمەن زەردەك ئېسىل مەردلەرگە ،
قىممىتى يوق ساپاللارنى سۆكمەن .
زوقۇم كېلۇر مېۋە بەرگەن شاخلارغا ،
قاپىقى يوق باراڭلارنى سۆكمەن .
مەيدە قاققان لاپچىلاردىن بىزارمەن ،
قۇرۇق داۋراڭ ، پاراڭلارنى سۆكمەن .
ئەجىر قىلىپ نەپ بەرمىگەن خەلققە
لايغەزەل - بوش گاراڭلارنى سۆكمەن .
ۋىجدان سېتىپ يەرگە ئۇرغان غۇرۇرنى ،
رەزگى ئەخلەت - غازاڭلارنى سۆكمەن .
ئاقىللارنى ئالسام دەيمەن بېشىمغا ،
قارا قورساق نادانلارنى سۆكمەن .
ھەسەتخورغا ئېتىلغان ئوق نەپرىتىم ،
ئىچى قوتۇر چايانلارنى سۆكمەن .
ھالاللىققا ئوقۇپ كەلدىم مەدھىيە ،
ھارام يېگەن قاۋانلارنى سۆكمەن .

ياخشىلارغا ھامان قولۇم كۆكسۈمدە ،
قەھرىم بىلەن يامانلارنى سۆكىمەن .
2000 ـ يىل 3 ـ ئاي

## سەنمىدىڭ

ئەسلىي يۈزسىز ، لەۋزى يالغان سەنمىدىڭ ؟
جىگدىنى دوپپامغا سالغان سەنمىدىڭ ؟
جاننى ئاغرىتتىڭ دىلىمغا سانجىلىپ ،
بىر زەھەرلىك خوخا ـ ئازغان سەنمىدىڭ ؟
چاڭگىلىڭدا ئارمىنىم بولدى خاراب ،
ئەيلىگەن لالەمنى پايخان سەنمىدىڭ ؟
مۇزلىسا قەلبىم ھىجايدىڭ شادلىنىپ ،
قىشتا نەشتەردەك شىۋىرغان سەنمىدىڭ ؟
ھەر يىلى قويسام كۆچەت تەرنى تۆكۈپ ،
شاخنى قايرىپ غورا قاققان سەنمىدىڭ ؟
چىشلىگەندە سەن يېنىمدا بار ھامان ،
ئىشلىگەندە نېرى قاچقان سەنمىدىڭ ؟
راسلىسام خامان ، يوقالدى چەشلىرىم ،
داننى يېگەن ئوغرى چاشقان سەنمىدىڭ ؟
ئۆگزىگە چىقساڭ يۆلەپ قويسام سىنى ،

كۆزلىرىمگە توپا چاچقان سەنمىدىڭ ؟
بىلمىدىڭ قىلسام شاپائەت ـ ياخشىلىق ،
ئەپتى ئىنسان ، نەسلى هايۋان سەنمىدىڭ ؟
بەتبەشىرەڭ بولدى ئاشكار ئاقىۋەت ،
قۇۋلۇقۇڭ كۆپ پەيلى شەيتان سەنمىدىڭ ؟
قىلمىشىڭنى سەزمىگەچكە باشتا مەن ،
ئەمدى قىلدۇرغان پۇشايمان ، سەنمىدىڭ ؟

2000 ـ يىل 4 ـ ئاي

## كاچاتلىساڭ شىللەمگە مىنىڭ

تۇرالمىتىم ۋىجداننى ساتماي ،
ئىز مارايمەن كېچىسى ياتماي ،
هۆركىرەيمەن قىنىمغا پاتماي ،
كاچاتلىساڭ شىللەمگە مىنىڭ .

ئۆز ـ ئۆزۈمچە يايراپ خۇش بولۇپ ،
چىقالايمەن ئۇۋۇغا قۇش بولۇپ ،
تېگەلەيمەن خەقكە مۇشت بولۇپ ،
كاچاتلىساڭ شىللەمگە مىنىڭ .

كۆزلىرىڭگە قارايمەن هارماي ،
ساقلىڭنى تارايمەن هارماي ،

تاپىنىڭنى يالايمەن ھارماي ،
كاچاتلىساڭ شىللەمگە مېنىڭ .

سېنى پۇراپ تاپىمەن دائىم ،
كەتمىنىڭنى چاپىمەن دائىم ،
ئەيىبىڭنى ياپىمەن دائىم ،
كاچاتلىساڭ شىللەمگە مېنىڭ .

« بۇزغىن » دېسەڭ بۇزىمەن قاشنى ،
« تەشكىن » دېسەڭ تېشىمەن تاشنى ،
« كەسكىن » دېسەڭ كېسىمەن باشنى ،
كاچاتلىساڭ شىللەمگە مېنىڭ .

« زەر دە » دېسەڭ زەر دەيمەن خەسنى ،
« گۆش دە » دېسەڭ پەش دەيمەن لەشنى ،
« ئۈچ دە » دېسەڭ ئۈچ دەيمەن بەشنى ،
كاچاتلىساڭ شىللەمگە مېنىڭ .

« چاققىن » دېسەڭ چاقىمەن خەقنى ،
ئايرىمايمەن ناھەقنى ـ ھەقنى ،
سەن ئۈچۈنلا قىلىمەن گەپنى ،
كاچاتلىساڭ شىللەمگە مېنىڭ .

يۇندى بەرسەڭ ئوتلايمەن دەرھال،
ياخشىلارنى پۇتلايمەن دەرھال،
سىنى يۆلەپ قوللايمەن دەرھال،
كاچاتلىساڭ شىللەمگە مىنىڭ.

مەيلى سىپسىپ كەتسەم تاپ بولۇپ،
يۈزۈم گويا قىلىن داپ بولۇپ،
پالتاڭ ئۈچۈن ئىشلەي ساپ بولۇپ،
كاچاتلىساڭ شىللەمگە مىنىڭ.

هارام بىيىپ، هارام يەپ تۇراي،
« نىسىۋەڭ »نى ئىلىپ كەپ تۇراي،
سىنى يۈز مىڭ ياشا دەپ تۇراي،
كاچاتلىساڭ شىللەمگە مىنىڭ.

پەيدا قىلىپ يۈزۈمدە كۆلكە،
بولاي مەككار مۇغەمبەر تۈلكە،
جاننى تىكىپ يامىشاي كۆككە،
كاچاتلىساڭ شىللەمگە مىنىڭ.

تۇتۇپ قوياي دۈمبە ـ ساغرائڭنى،
تۇتاشتۇراي چىلىم ـ غاڭزائڭنى،

چىلىپ بىرەي دۇمباق ـ ناغراڭنى ،
كاچاتلىساڭ شىللەمگە مىنىڭ .

ياۋاشلارنىڭ مىنەي بويىنىغا ،
قوياي ئۇنى هايۋان ئورنىغا ،
يىلان بولۇپ كىرەي قويىنىغا ،
كاچاتلىساڭ شىللەمگە مىنىڭ .

قۇچاقلىغاچ نادانلىقنى مەن ،
قىلدىم تالاي يامانلىقنى مەن ،
تاشلىمايمەن چايانلىقنى مەن ،
كاچاتلىساڭ شىللەمگە مىنىڭ .

شۇنداق ياشاپ ئۆتەي سەن ئۈچۈن ،
رەزىللىككە چۆمەي سەن ئۈچۈن ،
« ئۆلگىن » دىسەڭ ئۆلەي سەن ئۈچۈن ،
كاچاتلىساڭ شىللەمگە مىنىڭ .

## نادانلار

سويىمىسى يوق پىلەك ئىكەن نادانلار ،
مىۋىسى يوق چىچەك ئىكەن نادانلار .

تېشى پال - پال ، ئىچى غال - غال ئەزمىلدىن ،
مېغىزى يوق پۇچەك ئىكەن نادانلار .
كۆنى قاغاپ ، تونى ماختاپ يۈرەركەن ،
كۆزى ئەما — توتەك ئىكەن نادانلار .
كۆرسە مۇشكۈل كىرەر ئىكەن كامارغا ،
ئىشتا توخۇ يۈرەك ئىكەن نادانلار .
چاغلايدىكەن ئالتۇن - گۆھەر ئۆزىنى ،
يولغا پۇتلاش كېسەك ئىكەن نادانلار .
كۆنى ئۆتسە ياشايدىكەن شۈكۈر دەپ ،
ئۆز نەپسىگە تىرەك ئىكەن نادانلار .
ئادالەتكە قىلار ئىكەن خىيانەت ،
جاھالەتكە كېرەك ئىكەن نادانلار .
سامان بەرسە چاينايدىكەن ھالۋا دەپ ،
ئادەم ئەمەس ، ئېشەك ئىكەن نادانلار .

2000 - يىل 5 - ئاي

## ئەمدى مۇڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا

دەسلىپىدە ياۋاشتىڭ ئەجەب ،
ماڭا دوستىڭ - ئاداشتىڭ ئەجەب ،

يار ـ يۆلەكتىڭ، قاياشتىڭ ئەجەب،
ئەمدى مۇڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا ؟

بەرگەچ ئەسلى سىياقىڭغا رەڭ،
تۇتقانكەنمەن قۇرسىقىمنى كەڭ،
كۆرگەن سېنى ئۆزۈم بىلەن تەڭ،
ئەمدى مۇڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا ؟

دوستلۇق ئۈچۈن تىكىشىپ جاننى،
ئىچىشكەنتۇق قەسەمنى ـ ئاننى،
يېگەن ئىدۇق تەڭ بۆلۈپ ناننى،
ئەمدى مۇڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا ؟

پايخان قىلىپ ئەھدىنى ـ سۆزنى،
ئەگرى ـ دوناي قىلدىڭغۇ تۈزنى،
بۈگۈن مەندىن ئۆرۈدۈڭ يۈزنى،
ئەمدى مۇڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا ؟

ئاق كۆڭۈللۈك چىقتىغۇ باشقا،
ئىگە بولدۇڭ قازانغا ـ داشقا،

توپا سالدىڭ مەن ئىچكەن ئاشقا
ئەمدى مۆڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا ؟

ھەممە ئىشتا پايدا ـ نەپ سېنىڭ
كاركىرايسەن پۈتۈن گەپ سېنىڭ
ئامتىڭمۇ كەلدى زەپ سېنىڭ ،
ئەمدى مۆڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا ؟

راسا سەمرىپ ھاڭرىدىڭغۇ سەن ،
ناغرا بولۇپ ياڭرىدىڭغۇ سەن ،
تىكەن بولۇپ ئايىندىڭغۇ سەن ،
ئەمدى مۆڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا ؟

پاختا بولۇپ شۇ سېسىق مىزىڭ ،
ساقايغاندا باشتىكى تېزىڭ ،
نوخلاڭ ئۆسۈپ ، يوغىناپ بېزىڭ ،
ئەمدى مۆڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا ؟

نەشتەر سانجىپ ساددا كۆڭلۈمگە ،
يىلان بولۇپ كىردىڭ قوينۇمغا ،

ئېشەك قىلىپ مىندىڭ بوينۇمغا ،
ئەمدى مۇڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا ؟

كۆزگە ئىلماي غەش قىلدىڭ مېنى ،
ئايىغىڭدا خەس قىلدىڭ مېنى ،
ئىتتىنمۇ خار ، پەس قىلدىڭ مېنى ،
ئەمدى مۇڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا ؟

ۋاپا قىلسام جاپانى بەردىڭ ،
داۋا قىلسام ۋابانى بەردىڭ ،
ماڭا كۈلپەت ـ بالانى بەردىڭ ،
ئەمدى مۇڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا ؟

ھەزەر قىلماي قۇزغۇندىن ـ زاغدىن ،
بۇلبۇل تۇرۇپ ھەيدەلدىم باغدىن ،
پۇچىلاندى يۈرىكىم داغدىن ،
ئەمدى مۇڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا ؟

كۆرۈپ ئاشۇ ئوسماڭنى سېنىڭ ،
زەر دەپتىمەن پوسماڭنى سېنىڭ ،

ئۇقماپتىمەن گۇمپاگىنى سېنىڭ،
ئەمدى مۇڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا؟

سۆزلىرىڭگە قايىل بوپتىمەن،
كۈلۈپ قويساڭ مايىل بوپتىمەن،
نادانلىقتىن غاپىل بوپتىمەن،
ئەمدى مۇڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا؟

ئازغان تۇرساڭ، دەپتىمەن رەيھان،
بۆرە تۇرساڭ، دەپتىمەن پاقلان،
قىلمىشىمغا قىلدىم پۇشايمان،
ئەمدى مۇڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا؟

قاچانغىچە چەكلەيسەن مېنى،
چەتكە قېقىپ يەكلەيسەن مېنى،
شۇڭا نامەرد دېدىم، خەپ سېنى،
ئەمدى مۇڭگۈز چىقتىمۇ ساڭا؟

## سەن ۋە مەن

سەن كىتابتىن ئايرىلمايسەن گۆھەر ياخشى دەپ،
مەن قاۋاقتىن ئايرىلمايمەن زەھەر ياخشى دەپ.
سەن ئۆيۈڭدە كىتاب كۆرسەڭ ئايلىنىپ ئۇتقا،
مەن يۈرىمەن مەينى ئىچىپ ئايلىنىپ بۇتقا.

سەن توپلىساڭ ئەجىر قىلىپ ئالتۇننى ـ دۇرنى ،
مەن توپلايمەن تاغرىمغا داڭگالنى ـ شورنى .
سەن ئايرىساڭ ھەق ـ ناھەقنى ، ياخشى ـ يامانىنى ،
مەن ئىشەكتەك ھالۋا بۇ دەپ يەيمەن سامانىنى .
سەن بۈركۈتتەك قانات قاقساڭ ئۇچۇپ ھاۋادا ،
مەن ئۇخلايمەن قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈر ـ كامادا .
سەن چۆمۈلسەڭ ئىلىم ـ ھېكمەت ، بىلىمدىن نۇرغا ،
مەن كۆزۈمنى كۆرمەس قىلىپ ئورايمەن تورغا .
سەن ياسانساڭ پۈلنى تېپىپ يۇساڭ شالتاقنى ،
مەن كىيىمەن باشقا نامرات دېگەن قالپاقنى .
سەن ھۆسنىڭگە ئالساڭ ئەنداز قۇياشتىن ـ ئايدىن ،
مەن ياشايمەن ھېچ چىقالماي پاتقاقتىن ـ لايدىن .
سەن ھاياتقا مەنە بېرىپ ياقساڭ چىراغنى ،
مەن غەپلەتتە كۆرەلمەيمەن زادى يىراقنى .
سەن يۈكسىلىپ ئارمانلىرىڭ يەتسە كامالغا ،
مەن يۈزلەندىم نادانلىققا ، ئەجەل ـ زاۋالغا .

2000 ـ يىل 6 ـ ئاي

## ماختايسەن

بوسۇغاڭدا ئىت بولۇپ قاۋاپ بەرسەم ماختايسەن ،
بىگۇناھنى چىشلىسەم ، تالاپ بەرسەم ماختايسەن .

خۇددى پەيدەك پۇۋلەيسەن ئېلىپ مېنى بېشىڭغا ،
يۇندى قۇيغان يالاقنى يالاپ بەرسەم ماختايسەن .
باغقا چۇشۇپ شورىدىن ، ئوغرىلىساڭ غورىدىن ،
بولۇپ ساڭا كۆزەتچى قاراپ بەرسەم ماختايسەن .
قۇلىقىڭغا پىچىرلاپ ، تۇيدۇرماستىن شىپىرلاپ ،
خوشۇڭ يوقنىڭ كەينىدىن ماراپ بەرسەم ماختايسەن .
قۇرۇپ خەقكە قاپقاننى ، توقۇپ كۇرمىڭ يالغاننى ،
ياخشىلارنى ئارقىدا غاجاپ بەرسەم ماختايسەن .
كىيىپ باشقا پوسماڭنى ، قويساڭ قاشقا ئوسماڭنى ،
گىرىم قىلىپ چىچىڭنى تاراپ بەرسەم ماختايسەن .
تويغۇزۇشچۇن مەن قورساق ، بولۇپ سەنچۇن كۆز ـ قۇلاق ،
كىم گەدەنكەش ، كىم ياۋاش ، ساناپ بەرسەم ماختايسەن .
قۇتۇلالماي پەسلىكتىن ، ئىپلاسلىقتىن ـ نەسلىكتىن ،
ۋىجدان سېتىپ هايۋاندەك ياشاپ بەرسەم ماختايسەن .

2000 ـ يىل 7 ـ ئاي

## يۇرمىدىم

خەقكە ئالتۇن كۆرسىتىپ ئەخلەتنى ساقلاپ يۇرمىدىم ،
ئەلگە ياخشى كۆرسىتىپ ناكەسنى ئاقلاپ يۇرمىدىم .

تۇتتۇم قەلەمنى ھەقنى دەپ، بولدى ئادالەت سۆيگىنىم،
نەپ ئۈچۈن، شۆھرەت ئۈچۈن ناھەقنى ياقلاپ يۈرمىدىم.
قاچقىنىم يوق سايىغا، چۈشسە تومۈزنىڭ ئاپتىپى،
قەھرىتانغا باش ئېگىپ تىترەپ ـ جالاقلاپ يۈرمىدىم.
سولغىنىم يوق شۈمشىيىپ، چەكسەم رىيازەت سارغىيىپ،
گاھ قازاندا قايىنىغان سۇدەك شالاقلاپ يۈرمىدىم.
مەيدە مۇشتلاپ گەپ سېتىپ، جان باققىنىم يوق لاپ بىلەن،
ماختىنىپ سورۇنلىدا ھە دەپ ۋالاقلاپ يۈرمىدىم.
خۇشلۇقۇم شۇ يازغىنىم بولسا قاياش دەردمەنلىگە،
تۆكسە ياش ئاجىز ـ يېتىم، ئويناپ قاقاقلاپ يۈرمىدىم.
ياشىدىم ئادەم سۈپەت، ۋىجدان ـ غۇرۇرنى بۇلغىماي،
مۇتتەھەملەر ئالدىدا قۇلدەك پالاقلاپ يۈرمىدىم.

2000 ـ يىل 8 ـ ئاي

## ماشىنام

ھەر كۆنلۈكى كىراغا مېڭىپ تۇرغان ماشىنام،
ساقلاپ راۋان سۈرئەتنى، چېپىپ تۇرغان ماشىنام.
تېخى يېشىڭ ياش سېنىڭ، تېنىڭ ساغلام ـ شاش سېنىڭ،

ۋۇجۇدۇڭدا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئېقىپ تۇرغان ماشىنام .
بېسىپ يۈكنى ئۆلچەملىك ، سەھەر تۇرۇپ ھەيدىسەم ،
كاتاڭ يولدا لېسوردنى چېقىپ تۇرغان ماشىنام .
ئايلىنىپ تاغ ـ كۆللەرنى ، كەزسەم چەكسىز چۆللەرنى ،
هاردۇق ئالماي ماتورۇڭ قىزىپ تۇرغان ماشىنام .
نومۇر تاختاڭ ئېسقلىق ، چىراغلىرىڭ يېقىقلىق ،
تۈندە كۈمۈش شولىنى چېچىپ تۇرغان ماشىنام .
« بىخەتەرلىك بىرىنچى » كوزۇپىڭغا يېزىقلىق ،
سىگنالىڭنى توختاتماي چېلىپ تۇرغان ماشىنام .
مۇلازىمغا پۇل تۆلەپ پارقىراتسام يۇدۇرۇپ ،
چاقىڭ گاھى پاتقاقتا پېتىپ تۇرغان ماشىنام .
چېچىپ لاي ـ سۇ جۈپ چاقتىن ، چىقالمساڭ پاتقاقتىن ،
تۇمشۇقۇڭغا بوكسۇرنى چىگىپ تۇرغان ماشىنام .
ئۈلگۈرسەممۇ ئايمۇئاي رەسمىيەتنى تولۇقلاپ ،
يەنە ئاپەت بېشىڭغا يېغىپ تۇرغان ماشىنام .
قىلسام دوستلار گەپ تولا ، بىز شوپۇردا دەرد تولا ،
نادامەتنىڭ تەمىنى تېتىپ تۇرغان ماشىنام .
يولنىڭ ئېغىر جاپاسى ، يوق پايداڭنىڭ ساپاسى ،
ساڭا كېسەل ۋاباسى تېگىپ تۇرغان ماشىنام .
ئامال نېمە ، بولسىمۇ كىرا ئەرزان ، ماي قىممەت ،
كىرىمىڭدىن چىقىمىڭ ئېشىپ تۇرغان ماشىنام .

چىقمىغاندا يۈك ـ كىرا ، چىقماس سەندىن ھېچ سادا ،
ئۇخلاپ يېتىپ ئورنۇڭدا ، جىمىپ تۇرغان ماشىنام .
ئۇچراپ يولدا تۇزاققا ، كۆرمىگ چازا ـ توساققا ،
خۇددى بۇتەك جايىڭدا قېتىپ تۇرغان ماشىنام .
تىكىپ ساڭا كۆزىنى ، بىلىپ كاتتا ئۆزىنى ،
تەكشۈرگۈچى يېنىڭغا كېلىپ تۇرغان ماشىنام .
ئۆزۈم بەرسەم ھەلەپنى ، تېپىپ تۈرلۈك سەۋەبنى
تالاي ئورۇن سۈتۈڭنى سېغىپ تۇرغان ماشىنام .
بىكار قىلىپ ئەجرىمنى ، قاتلىنىۋەتتىڭ قەرزىمنى ،
ئالارمەنگە تاپقاننى بېرىپ تۇرغان ماشىنام .
خىيالىدا قانۇن يوق ، ھەق ئالغاندا تالون يوق ،
ئاچ كۆزلەرنىڭ نەپسىنى ئېچىپ تۇرغان ماشىنام .
بىرسى كەتسە يوقلىپ ، نەچچە ئونى تۇغۇلۇپ ،
ئالۋان ـ سېلىق بوينۇڭغا مىنىپ تۇرغان ماشىنام .
تۆرەلگەنگە پۇشمان يەپ ، ئۆكتەملەردىن دەشنام يەپ ،
ئىلاجسىز بېشىنى ئېگىپ تۇرغان ماشىنام .
خاتا ئىشنى لەت قىلسام ، ھەق تۆلەشنى رەت قىلسام ،
قانچە كۈنلەپ سولاقتا يېتىپ تۇرغان ماشىنام .
قۇتۇلۇپ شۇم تۇزاقتىن ، چىقاي دېسەڭ سولاقتىن ،
خەققە زەللە ـ سوۋغىتىڭ كېتىپ تۇرغان ماشىنام .
قاقتى ـ سوقتى قىلىنىپ ، كەتتى جىسمىڭ ئېزىلىپ ،

كۆزلىرىڭدىن ياشلىرىڭ ئېقىپ تۇرغان ماشىنام .
جاق تويغۇزدۇڭ جېنىمنى ، ئايلاندۇرۇپ بېشىمنى ،
مېنى سويغان پىيازدەك قىلىپ تۇرغان ماشىنام .
قۇلاق سېلىپ ئەرزىڭگە ، كىممۇ يېتەر دەردىڭگە ،
ئىچ - ئىچىڭدىن غەزىپىڭ تېشىپ تۇرغان ماشىنام .
سېنى ھەيدەپ داد دېدىم ، كۆزدىن يوقال پات دېدىم ،
ساتاي دېسەم خېرىدار قېچىپ تۇرغان ماشىنام .
كۆرۈنمەستىن سەت ئەمدى ، پاچاقلىنىپ كەت ئەمدى ،
بوفىخانا ئىشكىنى چېكىپ تۇرغان ماشىنام .

2000 - يىل 9 - ئاي

# رۇبائىيلار ۋە پارچىلار

## 1

ئۇغرى « تۇت » دەر ئۇغرىنى ،
ئۆزى تېشىپ مورىنى .
كېسەل تۇرسا پارىخور ،
پۇقرا يەمدۇ دورىنى ؟ !

## 2

ھەيۋەڭ يامان ، دېپىڭ ئۇلۇغ ،
قامچاڭ يامان ، ئېتىڭ ئورۇق .
تېشىڭ پال - پال ، ئىچىڭ غال - غال ،
تىلىڭ تۈزۈك ، دىلىڭ بۇزۇق .

## 3

سۆيسە سېنى دىلىدىن بىرسى ،
ھومىيدۇ نېرىدىن بىرسى .

ھەزەر قىلغىن قۇرىدۇ قاپقان ،
تۆت ئۇلپەتنىڭ ئىچىدىن بىرسى .

## 4

ھەقنى ھەق دېسەم قانىدى بۇرنۇم ،
تۆردىن پەگاھقا يۆتكەلدى ئورنۇم .
تاغدا ياشىدىم « لەببەي » دېمىسەم ،
باغدا ياشىدىم ئېگىلسە بوينۇم .

## 5

قاغا چوقۇمايدۇ قاغىنىڭ كۆزىنى ،
ئوغرى ئاڭلايدۇ ئوغرىنىڭ سۆزىنى .
چىشىغا تېگىپ قويساڭ بىر ئوغرىنىڭ ،
ھەممە ئوغرى ئالايتىدۇ كۆزىنى .

## 6

پۇلۇم بولسا گۈل ـ گۈلىستان باغدىمەن ،
پۇل بولمىسا چۆل ـ جەزىرە ، تاغدىمەن .
ئىت ئادەمگە ئايلىناركەن پۇل بىلەن ،
بۇ قىسمەتكە تا ئەزەلدىن داغدىمەن .

## 7

بىر ـ بىرىگە ئۇرا كولاپ تاش كۆتۈرگەن ،
ئېيتىپ بېقىڭ قاچان ، قېنى باش كۆتۈرگەن ؟
شۇ ساۋاقنى ئېسىمىزدە تۇتمىغاچقا ،
تالاي قېتىم كۆزىمىزدە ياش كۆتۈرگەن .

## 8

ئالدانمىغىن ماختىسا ناكەس سېنى ،
ئۇ كۆرەر گوياكى ئەخلەت ـ خەس سېنى .
پەيتى كەلسە پۇت قويۇپ قەستلەپ يەنە ،
ھەرقاچان قىلغاي ئۆزىدىن پەس سېنى .

## 9

كىرىپ تالاي مەيخۇمارنىڭ ئارىسىغا ،
مەيخانىدا مەينى ئىچتىم قارىسىغا .
ھايۋان بولدۇم ، تۇرسام ئادەم قاتارىدا ،
ئادەم بولدۇم ، كىرسەم ھايۋان ئارىسىغا .

## 10

ئوتتەك يېنىپ ئۆچمىگەن بارمۇ ؟
قوشنا بولۇپ كۆچمىگەن بارمۇ ؟

كۆرەڭلىمە ئامەتلىرىڭدىن ،
ئاتقا مىنىپ چۇشمىگەن بارمۇ ؟

## 11

ئالدىڭىزدا ماختىدىم پۇۋلەپ سىزنى كۆككە مەن ،
كەينىڭىزدە تىللىدىم ، جىگدە سالدىم بۆككە مەن .
بىر قولۇمدا قىلتىقىم ، بىر قولۇمدا مىلتىقىم ،
ئالدىڭىزدا كۇلكە مەن ، كەينىڭىزدە تۇلكە مەن .

## 12

بۇ دۇنياغا هارام يېيىشچۇن كەپ كېتەرسەنمۇ ؟
كۇچۇڭ يەتسە تاغنى يۇدۇپ ئەپ كېتەرسەنمۇ ؟
ئەگەر تىلىڭ كۆيمىگەندە ئوتنىمۇ يالماپ ،
چىشىڭ ئۆتسە تاشنى غاجاپ يەپ كېتەرسەنمۇ ؟

## 13

خوش ـ خوش دېسەم ساڭا ئېسىل ئوغلان كۆرۈندۇم ،
هەممىدىن مەنلا ياخشى ـ ئوبدان كۆرۈندۇم .
خوش ـ خوش دېمەي ، سەل بېشىمنى كۆتۈرسەم ئېگىز ،
لەڭمەن تۇرۇپ ، كۆزلىرىڭگە يوبدان كۆرۈندۇم .

## 14

بېشىمغا دەسسىگەنگە گۈل ئۈزاتتىم ،
جان بېقىپ كۈن ـ ئايلارنى غول ئۈزاتتىم .
ئېشەكنىڭ دۈمبىسىگە چۈشسە ئاپتاپ ،
شۈكۈر دەپ ئىسسىنىشقا قول ئۈزاتتىم .

## 15

تېشىڭ ئاپئاق ، ئىچىڭ تولغان قارىغا ،
قىلمىشىڭدىن تولدى دىللار يارىغا .
نەگە بارساڭ بولدۇڭ رەسۋا ، چۈپرەندە ،
ئەسكى دېگەن سىغمايدىكەن ئارىغا .

## 16

تەزىم قىلسەن ئېگىلىپ تۇرۇپ ،
خوش ـ خوش قىلسەن يېلىنىپ تۇرۇپ .
چۈشەندىم ناكەس ، رەڭۋازلىقىڭنى ،
تۈزاق قۇرىسەن ھىجىيىپ تۇرۇپ .

## 17

سەن يىغلىساڭ كۈلىدۇ نامەرد ،
سەن كۈلگەندە ئۆلىدۇ نامەرد .

سەن ئۆچكەندە ياندۇ دەرھال،
سەن يانغاندا ئۆچىدۇ نامەرد.

## 18

سەن نېمانچە ئامراق خوش ـ خوشقا،
بۇرنۇڭ سېزىك تارتتىمۇ مۇشتقا.
بىلگىن ئوخشار تەخسكەش دېگەن
ئىگىسىنى ئوۋلىغان قۇشقا.

## 19

نادان دېگەن ئالتۇن دەيدۇ تېزەكنى،
نادان دېگەن گۆھەر دەيدۇ كېسەكنى.
نادان دېگەن كېلەر ئەخمەق، بىلىمسىز،
ئەتىۋارلاپ تۆرگە ئالار ئېشەكنى.

## 20

بەزىلەرگە ئېشەكمەن مىنىۋالغۇدەك،
بەزىلەرگە تېزەكمەن قېتىۋالغۇدەك.

بەزىلەرگە بىر ئىتمەن بېقىۋالغۇدەك ،
بەزىلەرگە چايانمەن چېقىۋالغۇدەك .

## 21

چاپىنىڭنى قاققان كىشى ،
ساڭا بەكمۇ ياققان كىشى .
پەيتى كەلسە چايان بولۇپ
نەشتەر سانجىپ چاققان كىشى .

## 22

ئىچەر چاغدا بولدۇق خۇش كەيپ ،
قېنى دوستۇم كۆلسەڭ كۈل دېدۇق .
كېتەر چاغدا ھالىمىز زەئىپ ،
نېمە كارىم ، ئۆلسەڭ ئۆل دېدۇق .

## 23

قوش ھەيدەشنى ئۆگەتسەم ساڭا ،
ئاخىر قوشقا قاتتىڭمۇ مېنى .
ئوق ئېتىشنى ئۆگەتسەم ساڭا ،
مەرگەن بولۇپ ئاتتىڭمۇ مېنى .

1996 ــ 2000 ـ يىللار

本诗集选录作者近年来的一批优秀诗作,其中作品以独特的艺术形式和巧妙的讽刺手法鞭笞社会上各种不正之风。

جاۋابكار مۇھەررىرى : غولام ئەبەيدۇللا
جاۋابكار كوررېكتورى : بەختىيار ئابلىمىت
تېخنىكىلىق مۇھەررىرى : ئارزۇگۇل سىدىق

# ئاچ كۆزلەر

( ھەجۋىي شېئىرلار )

ئاپتورى : ئابدۇللا ياقۇپ

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092 × 787 مم 32 / 1
باسما تاۋىقى : 3.25 قىستۇرما ۋارىقى : 1
2001 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 2570 —— 1

---

ISBN7 — 5373 — 0913 — 2/I. 251
باھاسى : 6.50 يۈەن

ئەۋلاد » ( باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن « سالام يۇلتۇزلار » ( باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ) ، 2000 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «تىلدا دىيانەت ، دىلدا خىيانەت » ناملىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان . ئۇنىڭ يەنە بىر قىسىم شېئىر ۋە رۇبائىيلىرى « باللار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر » ، «تاللانغان رۇبائىيلار » ، « قەلب سوۋغىسى » ، « قەشقەردە توي » قاتارلىق كوللېكتىپ شېئىر توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن . « تاغ ناخشىلىرى » ، «چەكمىگىن » ، «خارلىما » ، « مۇھەررىرگە خەت » قاتارلىق شېئىرلىرى بەزى گېزىت - ژۇرناللار تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان ؛ «بىپەرۋا » قاتارلىق ناخشا تېكىستلىرى جامائەتچىلىكنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن . بۇ توپلامغا شائىرنىڭ يېقىنقى يىللاردا يازغان ھەجۋىي شېئىرلىرىدىن بىر قىسمى تاللاپ كىرگۈزۈلدى .

ئابدۇللا ياقۇپ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى .

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەخمۇتجان تۇردى

ISBN 7-5373-0913-2

9 787537 309134 >

ISBN 7 — 5373 — 0913 — 2

I. 251（民文）يۈەن 6.50 : باھاسى